# كۆك پاسپورت ئارزۇسى

رۇقىيە تۇردۇش

# كۆك پاسپورت ئارزۇسى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

رۇقىيە تۇردۇش

# كۆك پاسپورت ئارزۇسى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2017 - يىل سېنتەبىر / ئىستانبۇل

İSBN: 978-605-2375-20-4

Ruqiye Turdush

# Yearning for Freedom

Teklimakan Uyghur Publishing House
Istanbul, Sept 2017

# مۇندەرىجە

باش سۆز 003

بىرىنچى باب

زېھىن ئەركىنلىكى 009
1. مېڭە ۋە تاشقى مۇھىت 010
2. مېڭىنىڭ پروگراممىلىنىش مۇمكىنچىلىكى 013
ئەركىن «مەن» ۋە كىملىك 016
كىملىك ۋە مىللەتچىلىك 028
بىزدىكى غايىنىڭ دۈشمىنى - مەسئۇلىيەتسىزلىك 051
1. ئاغرىنىش كېسىلى 053
2. پەرۋاسىزلىق 063
3. بىۋاستە باغلىنىش ھېس قىلالماسلىق 065
4. جاۋابكارلىق بىلەن مەجبۇرىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش 067
5. تەقدىرگە تەن بېرىش 068
6. ھاياتنىڭ مەنىسىنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئىزدەشنى بىلمەسلىك 069
غايە ۋە ئىشەنچ 072

ئىككىنچى باب

يۇيۇلغان مېڭە 085

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مېڭە يۇيۇش تاكتىكىلىرى......... 086
1. زومىگەر رەھبەرلىك ......... 086
2. بۇرمىلاش ......... 087

**خىتاينىڭ يۇقىرىقى ئىككى تاكتىنى ئىجرا قىلىش ئۇسۇللىرى**

1 ـ يېتىم قالدۇرۇش ......... 087
2 ـ تېررور پەيدا قىلىش ۋە تاشقى تەسىردىن ئايرىۋېتىش ......... 092
3 ـ تۇرمىدە مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش، قەسەم قىلدۇرۇش ۋە تەۋبە قىلدۇرۇش ......... 094
4 ـ سېتىۋېلىش ......... 115
5 ـ تەشۋىقات ......... 119
6 ـ دىنىنى بۇرمىلاش ......... 127
7 ـ كۆڭۈلنى مايىل قىلىش ......... 128
8 ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرچە يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىش ......... 132
9 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە يوق قىلىش ......... 132
10 ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنى چەكلەش ......... 134
11 ـ تارىخنى بۇرمىلاش ......... 136

## ئۈچىنچى باب

قايتا تۇزۇلۇشتىن قايتا تۇزەشكە ......... 141
تازىلاش ......... 141
ئەسلىگە قايتىش ......... 146
ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئوقۇ ئوقۇتۇش ......... 147
باللاردا بىلىم ئېلىش بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بىرلەشتۇرۇش ......... 154

## تۆتىنچى باب

ئىستراتېگىيە تۇزەش ......... 163

# باش سۆز

بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى 2015 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يېزىلغان بولۇپ، زۇلۇم ئاستىدىكى سۆيۈملۈك ئۇيغۇر خەلقىمگە بېغىشلانغان ئىدى. قىسقارتىلغان ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەر نۇرغۇن خەتلەرنى يېزىپ، كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ تارقىتىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئاردىن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەزىيىتىدە يەنە نۇرغۇن جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكتىن كىتابنىڭ ھەجىمىنى كېڭەيتىشىمگە ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ماس ھالدا، كىتابنىڭ ماۋزۇسىنى «قايتا شەكىللەندۈرۈلۈشتىن قايتا شەكىللەندۈرۈشكە» دىن «كۆك پاسپورت ئارزۇسى» قا ئۆزگەرتىشىمگە توغرا كەلدى.

ئەسىرىمنى ئېلان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان دوكتور ئەسەت سۇلايمان ئەپەندىگە، كىتابىمغا قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەرگەن سۆيۈملۈك كۈنتۇغدىغا ۋە بارلىق دوستلىرىمغا چىن كۆڭلۈمدىن سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ، ۋاركېچىلمەيدىغان زېمىنىغا باغلانغان روھنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىكى ئەركىنلىك، مىللەتچىلىك ۋە كىملىكنىڭ يەنى «مەن» نىڭ قايتا سىزىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ تېمىغا نىسبەتەن ناھايىتى قىسقا يېزىلغان بىر كىچىك كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان ھەر بىر چوڭ تېما ھەققىدە نۇرغۇن كىتاب يېزىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردە مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا باغلانغان مىللەتچىلىكنى يەنى تېررىتورىيە مىللەتچىلىكىنى

قولغا كەلتۈرۈشتىكى كەڭ دائىرىلىك ئومۇمىي كۆرۈنۈش ۋە ئۇنىڭ كېڭەيتىلگەن ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىلا تەھلىل قىلىشقا؛ بۇ ھەقتىكى ئىنچىكە ۋە ئۇششاق تەپسىلاتلارنىڭ ئانالىزىنى ئەمەس، ئومۇمىي كارتىنىنى يورۇتۇشقا تىرىشتىم. بىز - ئۇيغۇرلار ئادەتتە مىللەتنى ساقلاپ قېلىش دېگەن بۇ سۆزنى قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، دىنىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، تائاملىرىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى، ناخشا - ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت. بىر قاتار جەريانىنى، يەنى بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دىنىي كىملىك، تىل، كۇلتۇر ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىكى كىملىكىنىلا كۆزدە تۇتىمىز. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېتنىك كىملىكى ۋە دىنىي كىملىكىدىن باشقا يەنە قانداق ئامىللارغا چېتىشلىق؟ پەقەت دىنىي ۋە ئېتنىك كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىقلا بىر مىللەتنىڭ مىللەت سۈپىتىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە دۇنيادا ھېچقاچان دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان، بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى تېررىتورىيە چۈشەنچىسى بولمىغان ياكى بولسىمۇ ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان زېمىندىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن، پەقەت ئېتنىك كىملىكىنىلا ساقلاپ قېلىۋاتقان مىللەتلەر نۇرغۇن. ئۇندىن باشقا دىنىي كىملىكى ئارقىلىقلا ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلارغا ئوخشاش مىللەتلەرمۇ نۇرغۇن. ئۇيغۇرلار ئۇلاردىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ شەخسى ئەركىنلىكى نېمە ئۈچۈن بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكىسىز مەۋجۇت بولالمايدۇ؟ ئۇيغۇرلاردىكى ئېتنىك كىملىك، مىللىي كىملىك ۋە مىللەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلغاندا توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب، مانا بۇ سوئاللارغا جاۋاپ ئىزدەش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەدەنىيەت مەنبەسىگىلا تايىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىكنى مەنبە قىلغان سىياسى مەنبەگە تايىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشنى ۋە بۇ جەريانىنى ھەر بىر ئۇيغۇرنى ئوزىنىڭ زېھنى قوماندانلىقىنىڭ ئەركىنلىك تىزگىنىنى قولىغا ئېلىشتىن باشلاشقا تەرغىپ قىلىدۇ. شۇنداقلا سىزنى زېھىن ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىر ئىنساننىڭ كىم بولۇشى، نېمە دېيىشى، نېمە قىلىشى، قانداق كۆرۈنۈشى، قانداق ھېس - تۇيغۇلاردا بولۇشى ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش - قىلالماسلىقى... بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئالدى بىلەن ئىنسان مېڭىسىنىڭ، يەنى ئىنسان زېھنىنى ئىشلىتىدىغان ئورگاننىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇيغۇلىرى، ھاياجانلىرى، بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرى، ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى... قىسقىسى مېڭىدىكى ئوي - پىكىر يەنى زېھنىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىنىك كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە مىللىي كىملىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ زېھنىي ئەركىنلىكى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە چەكلىنىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا، سىياسىي ئەركىنلىكنى زېھنىي ئەركىنلىكتىن باشلاشنى تەرغىپ قىلىش، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان تاشقى ئامىللارنى رەت قىلغانلىق بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پروگراممىلاشتۇرۇش بېسىمى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، زېھىن ئەركىنلىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى قانداق يۇيۇپ پروگراممىلاۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن بەزى ئۇيغۇرلارغا كار قىلغان بولسا، يەنە بەزى ئۇيغۇرلارغا كار قىلمىدى؟ مېڭىسى يۇيۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى جۇغراپىيىلىك ئالمىشىش ئارقىلىق، مېڭە ئەركىن فۇنكسىيىسى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان زېھىن ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىش مۇھىتىدىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ، نېمە ئۈچۈن يېڭى مۇھىت تەسىرىدە مېڭىسىنى تازىلاش ۋە زېھنىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى؟ قانداق قىلغاندا خىتاي تەرىپىدىن پروگراممىلانغان مېڭىمىزنى تازىلاپ قايتا تۈزىگىلى بولىدۇ؟ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ زېھنىنىڭ ئەركىنلىكى، نېمە ئۈچۈن شۇ شەخس مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ ئەركىنلىكىنى ياقلاپ، مەھبۇسلۇقنى رەت قىلىپ، مېڭىسىنى قايتا تۈزىشى ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ توپلۇمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئەركىنلىكى، ئۇ مەنسۇپ بولغان زېمىنغا ۋاز كېچەلمەس دەرىجىدە باغلانغان بولىدۇ؟ مانا بۇ سوئاللار سىرتقى مۇھىتنىڭ زېھنىنى بوغۇش ۋە يوق قىلىش كۈچىنىلا ئېتىراپ قىلىپ،

زېھنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىجادى كۈچىگە سەل قارىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇردۇ. بۇ كىتاب، شەرقىي تۈركىستاننى قايتۇرۇپ ئېلىش ئىشەنچىسىنى يوقىتىۋاتقان، ئۇيغۇرلارغا پايدىسىز ۋەزىيەتتىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قېلىۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ چىقىش يولى ئىزدىشىدە ياردەمچىلىك رولىنى ئوينىغۇسى.

ـ ئاپتوردىن

2017 ـ يىلى 3 ـ ئاي، كانادا

# برىنچى باب

# زېھن ئەركىنلىكى

ئەركىنلىكنىڭ سۆز مەنىسىدىن قارىغاندا، ئەركىنلىك بېسىم ۋە كونتروللۇقتىن قۇتۇلۇش، سۆزلەش، ھەرىكەت قىلىش ۋە ئويلاشتىكى كۈچكە ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. سۆزلەش، ھەرىكەت قىلىش، ئويلاش بولسا ئىنسان مېڭىسىنىڭ زېھنى كۈچى تەرىپىدىن قوماندانلىق قىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە زېھنى كۈچكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆزئارا باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت داۋاملىق ئايلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، زېھنى كۈچنىڭ ئەركىنلىكى چەكلەنگەندە مىڭىنىڭ ئىجادچانلىقى، تەپەككۇر قىلىش ئىختىيارى تۆۋەنلەيدۇ ۋەياكى يوقاپ كېتىدىغانلىقى ۋەياكى باشقىلار سىزىپ بەرگەن ئەركىنلىك دائىرىسىدە خىزمەت قىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. مۇستەملىكىچىلەر، ھۆكۈمرانلار بۇ نۇقتىلارنى ناھايىتى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇلار شەخسىنىڭ زېھىن ئىجادچانلىقىنى يوقاتقاندا ئۇلارنى ئاسانلا كونترول قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بۇ ئىجادىي كۈچنى يوقىتىشنى، ئەركىنلىكنى چەكلەش ۋە ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۇلارغا ئۆزلىرى سىزىپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە خىزمەت قىلدۇرۇش، كۆندۈرۈش، ياكى تەكرار مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. يەنە خەلقنىڭ مېڭىسىنىڭ زېھنى كۈچىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن مېڭىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق تاشقى ئامىللارنى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە پەيدا قىلىش ياكى ياساپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇپ قايتىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا پروگراممىلايدۇ. مۇستەملىكىچى خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئەنە شۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان

بولۇپ، گەرچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ پروگراممىلاشتىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ ئۇسۇل ھەممىلا ئۇيغۇرغا كار قىلغىنى يوق. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار قۇتۇلۇپ چىققاندەك كۆرۈنسىمۇ جۇغراپىيىلىك ئالمىشىشنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا مېڭە يۇيۇلۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۇچۇن ئالدى بىلەن تاشقى مۇھىتنىڭ مىڭىنىڭ زىھنى كۈچىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئۇنىڭدىن باشقا مىڭىنى پروگراممىلاش مۇمكىنچىلىكى ۋە بۇ مۇمكىنچىلىكنىڭ زېھنى كۈچكە بولغان تەسىرى ھەققىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىزغا، بۇ ئارقىلىق مىڭىنى باشقىلارنىڭ پروگراممىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئالدى بىلەن زېھىن ئەركىنلىكىمىزگە يول ئاچىدىغان ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئەركىنلىكنى كىملىك، مىللەتچىلىك ئارقىلىق قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەھلىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 1. مېڭە ۋە تاشقى مۇھىت

ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى ئادەتتە ئىنساننىڭ سۆز - ھەرىكىتى، قورقۇنچىمىز، ئۈمىدىمىز، قارار بېرىش ئىقتىدارىمىز، ئانالىز قىلىشىمىز، خاراكتېرىمىز، كۆز قاراشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقتىن، توختىماي سىرتتىن ئۇچۇر قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆگىنىشلەر شەخسنىڭ كىملىكىنى پەيدا قىلى-دىغانلىقىنى، مېڭىنىڭ يېتىلىشىنىڭ ئىرسىيەتنىڭلا ئەمەس مۇھىتنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقاتلارلا ئەمەس، چۆچەك، رىۋايەتلەردىمۇ قەيت قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇزخان ئىمپېرىيەسىگە ئائىت رىۋايەتلەر تەسۋىرلەنگەن ئوغۇزنامىلەردىمۇ، بۆرە سۈتى ئېمىپ چوڭ بولغان ئوغۇزخاننىڭ بۆرىدەك سەزگۈر، سۇرلۇك، بۆرىلەردەك ئۇيۇشۇشچانلىقى كۈچلۈك ۋە قورقماس ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. ئەگەر بىر ئۇيغۇر بوۋاق تۇغۇلغان ۋاقتىدىلا بىر خىتاي ئائىلىسىگە بېرىۋېتىلگەن ۋە خىتاي ئائىلىدە يېتىشتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ كىملىكى خىتاي بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر بىر ئامېرىكىلىق بوۋاق بىر ھىندى ئائىلىدە تەربىيەلىنىپ چوڭ قىلىنسا، ئۇ ھىندى كىملىكى بىلەن چوڭ بولىدۇ ئەلۋەتتە. شەخسنىڭ مېڭىسى ئۇ مەنسۇپ بولغان «ئۆز» ۋە «مۇھىت» دىن ئايرىلغان ھالدا زېھنى كۈچىنى ئۆزلۈكى ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرالمايدۇ. مەسىلەن،

كىشى ھەرقانداق بىر قارارنى بەرگەندە مەنسۇپ بولغان كىملىك ۋە ئۇ كىملىك مەنسۇپ بولغان مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەڭ ئاددىيسى، ئوقۇغۇچىلار كەسىپ تاللىغاندىمۇ ئالدى بىلەن بۇ كەسىپنى ياقتۇرۇپ - ياقتۇرماسلىقلا كۆپايە قىلمايدۇ. چوقۇم ئوقۇش پۇلى، مەكتەپنىڭ ئورنى، قايسى مەكتەپكە كىرەلىشى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قوللاش - قوللىماسلىقى، بۇ كەسىپنى ئوقۇغاندا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، ئۆز كەسىپنى قەيەردە، كىملەر ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. تېكساستىكى بايلور ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋە نېرۋاشۇناس داۋىد ئەنگلېمان بۇ ھەقتە ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە ئۆز ئىمزاسىنى ئاتىدىكەن. كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئۆرپ - ئادەتلەرنى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا يېتىلدۈرۈۋېلىشى، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئوخشاش مەسىلىلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، پەرقلىق كىملىك ۋە مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەر مېڭىسىنىڭ، ئوخشاش مەسىلىلەرگە قايتۇرىدىغان پسىخولوگىيىلىك جاۋابىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدىكەن. لېكىن ئاخىرقى قارار يەنىلا ئىنسان مېڭىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بولغانلىقتىن ئوخشاش مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش مەسىلىگە بېرىدىغان جاۋابىمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنىمۇ داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. مەسىلەن، ئوخشاش بىر ئائىلىدە، ئوخشاش شارائىتتا يېتىشكەن، ئوخشاش مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن ئوخشاش ياشتىكى ئىككى بالىنىڭ مېڭىسىنىڭ مەسىلىلەرنى قوبۇل قىلىشى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمىگەنلىكتىن كۆرسىتىدىغان ئىنكاسىنىڭمۇ ئوخشاش بولماسلىق مۇمكىنچىلىكى بۇنىڭ دەلىلى.

ئەمما، مېڭىنىڭ ئەركىنلىكى چەكلەنگەن، ھېچقانداق ئويلاش پۇرستى بېرىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا مېڭە ئىجادچانلىقىنى يوقىتىپ، مۇھىتنىڭ تەسىرىنى بىراقلا قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن ئالايلۇق، خاتانىڭ «كىمنىڭ سادىر قىلىشىدىن ۋەياكى كىمنىڭ ئىنكار قىلىشىدىن قەتئىينەزەر بەربىر خاتا» ئىكەنلىكى ئۆگىتىلمەي، ئەكسىچە «ئوقۇتقۇچىنى شەرتسىز ھۆرمەتلەش كېرەك، ئۇ ھەممىدىن بىلىملىك، ھەممىدىن ئەقىللىق، ئۇنىڭ ھامان توغرا» دەپ ئۆگىتىلگەن

بىر ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىسىدىن ئۆگەنگىنى ئاتا ـ ئانىسى، ھەتتا دىنى تەرپىدىن ئىنكار قىلىنغان تەقدىردىمۇ، مۇتلەق توغرا دەپ قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىسىغا كۆرە ئەقىللىق ئوقۇغۇچى بولۇشتىن ئىبارەت ئۇستۇنلۇككە يېتىشنى ئارزۇ قىلىش بىلەن بىرلىكتە، خاتانى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ دادىللىق بىلەن رەت قىلالماسلىق، «ياق» دېگەن سۆزنى كۆپ ھاللاردا ئىشلىتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماسلىقتەك خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن.

ئېسىمدە قېلىشىچە گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزىنىڭ، شەرقىي تۈركىستانغا مەخپىي ئەۋەتىلگەن بىر مۇخبىرى 2007 ـ يىلى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرپىدىن ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر قىزلارنى زىيارەت قىلغىنىدا، بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك: «ھۆكۈمەت ئائىلىمىزگە بېسىم قىلسىمۇ قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرۈپ كەلگىلى ئۇنىمىغان ئىدۇق، ئەمما ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئارقىلىق بېسىم قىلغاندا ئامالسىز قالدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ دەل ئوقۇشسىز قېلىپ جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى شەرتسىز ھۆرمەتلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بالىلىق دەۋرىدىلا ئائىلىسىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا گۇۋاھ بولغان بالىلارغا، زۇلۇم ھەقىقەت بىلەن بويىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى قارىلىنىپ گۇناھكار قىلىپ كۆرسىتىلگەندە، بەلكىم بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن نەپرەتلىنىشى، ئۇستۇنلۇكنى ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان قارشىلىق، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۈشمەنلىرىگە يېقىنچىلىق قىلىش ۋە ياخشىچاق بولۇش بىلەن ئىزدىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىم، بالىنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق تەسىرگە ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر، مېڭىنىڭ ئىنكاسى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە قارىتا ئۆزگىرىپلا قالماي، مېڭىنىڭ ئىنكاسى خاراكتېرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتقىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقتىن، خاراكتېرىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنىمۇ مېڭىمىزنى قايتا تۈزەش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەملى تەجرىبىلەر. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئاۋستىرىيەلىك مەشھۇر روھى كېسەللەر ئالىمى ئالفرېد ئادلېرنىڭ بۇ ھەقتە مەشھۇر مۇنداق بىر سۆزى بار:

«مۇھىم پاكىتنى ئۇنۇتماڭ، ئۇ بولسىمۇ ۋارىسلىق ياكى مۇھىتنىڭ ھېچقاي ـ

سىسى بەلگىلىگۈچى ئەمەس. ھەر ئىككىلىسى رامكا سىزىپ بەرگۈچى ۋە تەسىر قىلغۇچى بولۇپ، شەخسنىڭ مېتودى ۋە ئىجادىي كۈچى تەرىپىدىن جاۋاب بېرىلىدۇ».

ئالفېردنىڭ بۇ سۆزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسلىدە تاشقى مۇھىت پەقەتلا تەسىر كۆرسەتكۈچى بولۇپ، كۆرسەتكەن تەسىرىنى قانداق تاللاش يەنىلا ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئەركىنلىكىدە ۋە ئىنساننىڭ بۇ ئەركىنلىكتىن قانداق پايدىلىنىشىدا. ئوخشىمىغان ئىككى مىللەتنىڭ ئوخشاش مەسىلىگە تۇتقان جاۋابىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىمۇ دەل ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ مېڭىسىنىڭ مەسىلىگە بولغان ئىنكاسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ياشىغان مۇھىتى بويىچە تاللىۋالغانلىقىدا.

## 2. مېڭىنىڭ پروگراممىلىنىش مۇمكىنچىلىكى

1960 ـ يىللارغا كەلگۈچە كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى ئۆزگەرمەيدۇ، مەـ لۇم ياشتىن كېيىن مېڭە تەرەققىي قىلىشتىن توختايدۇ دەپ قاراپ كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن بەزىلەرنىڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ مۇزىكا ئۆگىنەلمەسلىكى، يەنە بەزىلەرنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىقىغا قارىماي نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئاشۇرالماسلىقىنى يۇقىرىدىكى سەۋەبكە باغلاپ تەھلىل قىلغان ئىدى. ئەمما يېقىنقى مەزگىللەردە مېڭە ئىلىمشۇناسلىرى ۋە پسىخولوگلار مېڭىنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسان مېڭىسىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ھايات تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا شەكلىنىڭمۇ چوڭىيىپ ـ كىچىكلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، مېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆگىنىش، تەجرىبە ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ياكى مېڭىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا ئاساسەن ۋۇجۇدقا چىقىدىكەن. كىشىلەر كۆپىنچە مېڭە تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش، ئۆگىنىش ۋە جاۋاب بېرىش فۇنكسىيىسىنى توختىتىپ قويىدۇ دەپ قارىغان. ئەمما مېڭە زەخمىگە ئۇچراپ مېڭىنىڭ مەلۇم فۇنكسىيەلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسىمۇ، مېڭىنىڭ ساغلام تەرەپلىرى زەخمىگە ئۇچرىغان فۇنكسىيەلەرنىڭ يۈكىنى ئۆزىنىڭكىگە قېتىپ، ئىقتىدارىنى نورمال جارى قىلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى مەزكۇر كۆز قاراشنى رەت قىلغان. بۇ جەريانغا مۇھىتنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىرسىيەتنىڭمۇ كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، مېڭە قايسى شەكىلدە مەشىق قىلدۇرۇلسا، شۇ تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدىكەن.

مېڭە ئەۋرىشىمچانلىقى (neuroplasiticity)، يەنى ئۆزگىرىشى داۋاملىق ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرمەيدىغان بولۇپ، مەسىلەن: زەھەرلىك چېكىملىك ۋە پاتالوجېكال (روھى ۋە جىسمانىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەر) كېسەللىكلەر كىشىنىڭ مېڭىسى ۋە ھەرىكىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن ۋەياكى پاتالوجېكال كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى دىققىتىنى يىغالماس بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس بولسا كېرەك.

تېراپېستلار PTSD (قاتتىق قايغۇدىن كېيىنكى چۆشكۈنلۈك سىندروما كېسىلى) يالغۇزلۇق، قورقۇش، گۇمانخورلۇق كېسىلى بار كىشىلەرنىڭ زەخمىگە ئۇچرىغان بەزى مېڭە فۇنكسىيەسىنىڭ ئورنىغا، مېڭىگە ساغلام شەكىلدە ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىش مۇھىتىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق مەزكۇر فۇنكسىيەلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. دۆلەتلەر ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارمۇ خەلقنىڭ مېڭىسىنى ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىدېئولوگىيىلەر ئارقىلىق مەشىق قىلدۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئىدىيەلىرىنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

دېمەك، شەخسىنىڭ مېڭىسى ۋە ئۇنىڭ كىملىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەدەنى ـ يىتى ۋە يېتىلگەن مۇھىتى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن، بىز ئۇيغۇرلار ياشىغان مۇھىت، ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇستەملىكە ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مېڭە يۇيۇش ھەرىكەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنىڭ تۈزىلىشىگە، ئويلاش تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ۋە ھەرىكىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆرسىتىۋاتىدۇ ياكى قانداق ئەھۋال ئاستىدا تەسىر كۆرسىتەلمىدى؟ دېگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، مەيلى ئۇيغۇرلار مەجبۇر بولۇۋاتقان ھايات ئۇنىڭ مېڭىسىنى قايسى شەكىلدە پروگراممىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسۇن، ئاخىرقى جاۋاب يەنىلا مېڭە تەرىپىدىن بولىدىغانلىقتىن، پروگراممىلانغان مېڭىمىزنى تازىلاش، ئۆزىمىزنىڭ مېڭىسىنى ئۆزىمىز پروگراممىلاش

ئىمكانىيىتىمىز هامان مۇمكىن.

مېڭىمىزنى قايتىدىن پروگراممىلاش ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن مېڭىمىز يەتكۈزگەن زېھنى كۆچىنىڭ (ئويلاش، سېزىش، تەسەۋۋۇر، قىلىق، ئىشەنچ ۋە ئەسلەشنىڭ) ئەركىنلىكى ۋە بۇ ئەركىنلىك موھتاج بولىدىغان ۋە ئۆزگە مەنبە قىلىدىغان كىملىك، شۇنداقلا كىملىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئومۇمغا باغلانغان مەنىسى بولغان مىللەتچىلىك ھەققىدە توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مېڭىنى قايتا تۈزەش ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن «مەن»نى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈپ سىزىپ چىقىش بولغانلىقتىن، ئۇ ئەركىنلىك، كىملىك، مىللەتچىلىك، دىن، مۇھىت ۋە سىياسي تەقدىر دېگەندەك بىرمۇنچە ئۇقۇملارغا چېتىلىدۇ.

# ئەركىن «مەن» ۋە كىملىك

**ئەركىنلىك يىلتىز تارتىۋالسىلا كۆكلەپ كېتىدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ.**

**ـ جورج ۋاشىنگتون**

بىز يۇقىرىدا ئەركىنلىككە بېرىلگەن تەبىرلەردە، ئەركىنلىك ـ باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدىن، باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇش ئىكەنلىكىنى ئەركىنلىكنىڭ لۇغەت مەنىسىگە كۆرە نەقىل قىلغان ئىدۇق. بۇ قۇتۇلۇش جەريانى شەخسنىڭ ئۆزىگە، يەنى ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىغا، باشقىلارغا ۋە بىر گۇرۇپپا ياكى بىر مىللىي توپلۇققا زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى شەخسنىڭ كونتروللۇقتىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقىشى، ئۇنىڭ باشقىلار ياشىغان «مەن» بولماستىن، بەلكى ئۆزى خالىغان «مەن» بولالىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزى خالىغان «مەن»، مەلۇم گۇرۇپپا ياكى مىللىي توپقا باغلىنىش ئارقىلىق كىملىك شەكلىدە مەۋجۇت بولىدۇ ياكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى ئۆزىڭىز سىزىپ چىققان «مەن» نىڭ كىم بولۇشى، ھېچنەرسىگە، ھېچكىمگە باغلانمىغان يوقلۇق ۋە بوشلۇقتىكى «مەن» بولۇشى بولماستىن، بەلكى سىز تاللىغان مەۋجۇتلۇقتىكى «مەن» دۇر. سىز ياشىماقچى بولغان «مەن»، باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشقا، تونۇلۇشقا موھتاج. مەسىلەن: ئانا كىملىكى بالىغا، قېرىنداش كىملىكى تۇغقانلىرىغا، كەسىپ كىملىكى سىز شۇ كەسىپنى يەتكۈزۈۋاتقان ئىنسانلارغا، مىللىي كىملىك سىز مەنسۇپ بولغان مىللەتكە باغلانغان بولىدۇ. ئۇنداقتا بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە باغلايدىغان بۇ كىملىك، دەل ئەركىنلىكنىڭ تېپىلىش مەنبەسى ئەمەسمۇ؟

ئەگەر بالىلىرىڭىز بولمىسا ئاتا ـ ئانا بولالمايسىز، قېرىنداشلىرىڭىز بولمىسا قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ قېرىندىشى بولالمايسىز، كەسپىڭىزگە ئېھتىياجلىق ئىنسانلار بولمىسا سىز ئۇ كەسپىنىڭ ئىگىسى بولالمايسىز، مىللىتىڭىز بولمىسا مىللىي كىملىكىڭىزمۇ بولمايدۇ. يەنى، ئۇيغۇر مىللىتىگە تەۋە بولماي تۇرۇپ «ئۇيغۇر» ئۇيغۇر «مەن» لىكىڭىز بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، باشقىلارنىڭ سىزنى بىرىشى بىلەن ئەمەس، ئۆزىمىز ئۆز خاھىشىمىز بويىچە ياراتقان «مەن» يەنى ئەركىنلىك، مىللىي كىملىك مەنبەسىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە مىللىي كىملىك ئەركىنلىك ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كىملىك ئۆز ئالدىغا ھېچكىمگە باغلانمىغان ھالدا مەۋجۇت بولالمىغانلىقتىن، شەخسنىڭ ئەركىنلىكىمۇ شەخس مەنسۇپ بولغان مىللەت ۋە ياكى بىرەر توپلۇمنىڭ ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولالمايدۇ.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھەممە كىشىدە ئېتىراپ قىلىنىش ئارزۇسى بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىلىپ كېتىش ئەندىشىسى ئۇلارنى باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلۇش، ئېتىراپ قىلىنىش ئارزۇسىغا ئۈندەيدۇ. بۇ ئارزۇ شۇ كىشىنىڭ بالىلىق ھاياتىدا يېتىلدۈرگەن خاراكتېرىگە ئاساسەن سەلبىي ياكى ئىجابىي شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. پسىخولوگلارنىڭ بىردەك قارىشىچە، بالىلىق ۋاقىتلىرىدا باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىش، چەتكە قېقىلىش مۇھىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلەر ئېتىراپ قىلىنىش، تونۇلۇش ئارزۇسىغا باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇش ئارقىلىق يېتىشكە ئۇرۇنسا، ساغلام بالىلىق ھاياتى بولغان كىشىلەر تونۇلۇشقا ئالدى بىلەن باشقىلارنى تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىكەن. ئەگەر سىز كىملىكىڭىز ئېنىق ئەركىن ئىنسان بولمەن، ھېچكىمنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلمايمەن دەيدىكەنسىز، سىزنىڭ بىر شەخس سۈپىتىدە يوقىلىپ كەتمەسلىك، يەنى باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش ئارزۇيىڭىز بولىدىكەن، ئالدى بىلەن سىزنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېھتىياجىڭىز بولغان توپلۇمنى ئېتىراپ قىلىشىڭىزغا، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئۈچۈنچۇ؟ بىر ئۇيغۇر ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇز مىللىتىنىڭ دەردىنى چۈشىنىشى،

تونۇشى، ئۇنىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن، دوستىغا دوست بولۇشىغا، ئۇنىڭ مىللىي كىملىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلماق ئۈنچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، باشقىلارنى تونۇشقا ئالدىرايدىغان ئۇيغۇرلاردىن ئۆزىنى تونۇتۇشقا ئالدىرايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇستەم- لىكىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش كرىزىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەتتۇر. بۇ سەۋەبتىن يەر يۈزىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولۇش ئارزۇسى، يوقىلىش خەۋپىدىن ھېس قىلىنغان ئەندىشىسى، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ شەخسىي ھالدا كۆزگە كۆرۈنۈش، قەدىر - قىممەتكە ئېرىشىش ۋە تونۇلۇش ئارزۇسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر شەخس ئۆزىدىكى مەۋجۇدلۇق ۋە تونۇلۇش ئارزۇسىنى «مىللەتچىلىك» يەنى ئۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ ئەركىنلىكىگە باغلاش ئارقىلىق، بۇ توپلۇمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىدىن تاپمىغىنىدا، ئۇ ھالدا ئۆز قىممىتىنى خاتا ھالدا باشقا يەردىن ئىزدەپ يۈرگەن بولۇپ، ساغلام پىسخىكا يارىتالمايدۇ. شەخسنىڭ يالغۇزلۇقى ۋە يېتىملىكى ئۇستىدىن مەڭگۇ غالىپ كېلەلمەيدۇ.

گەرچە بالىلىقتا چەتكە قېقىلىش نەتىجىسىدە باشقىلارغا ياخشىچاق بو- لۇش ۋە ياكى خۇشامەت قىلىش تۇيەيلىدىن، «ھەق ۋە توغرىدا» تۇرالماسلىق پىسخىكىسىنى يۇقتۇرۇۋېلىش ھەممە مىللەت كىشىلىرىدە تېپىلىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مۇستەملىكە ۋە زۇلۇم ئاستىدىكى مىللەتتە خۇشامەتچىلىك پىسخىكىسى، خۇددى ئۆرپ - ئادەتكە ئايلانغاندەك پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىشكە باشلىشىدىن ئەنسىرەش ئورۇنسىز ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئۇيغۇر بالا ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن قاتتىق قوللۇقتا، ئارزۇلىرى داۋاملىق چەتكە قېقىلىپ رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغان ياكى دەل ئەكسىچە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان ھالدا يېتىشتۇرۇلۇپ، ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىلمىگەن، مەكتەپتىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىشكە ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئائىلىسى خىتاي ھۆكۈمىتى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت

سەۋەبىدىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال بالىغا ۋاستىلىك ھەتتا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ مەزكۇر مۇھىتقا بولغان ئىنكاسى، بويسۇنۇشنى قوبۇل قىلىپ جاھانىنىڭ رەپتارىغا كىرىش ئۈچۈن خۇشامەتچىلىك يوللىرىغا مېڭىش ياكى قارشى چىقىش شەكلىدە ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاتا ـ ئانىنىڭ مەزكۇر مۇھىتقا قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ بالىنىڭ زېھنىدە ئۈلگە سۈپىتىدە ئورۇن ئالىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئەگەر بىر قىسىم ئاتا ـ ئانا ئالدىنقى يولنى تۇتتى ۋە بۇ يول ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى دەيلى، ئۇنداقتا بۇ بالىلارنىڭ ئوخشاش تەسىرنى قوبۇل قىلىشى خاراكتېر ۋە ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىدىكى بىر يولنى ئۇلارغا سىزىپ بەرگەنلىك بولماسمۇ؟ روھى كېسەللىكلەر ئالىمى ئالفرېد ئادلېر، بالىلارنىڭ ھاياتنى ئاجىزلىق تۇيغۇسى بىلەن باشلايدىغانلىقى ئۈچۈن، ھاياتتا پۈتۈنلەيلا چوڭلارغا تايىنىدىغانلىقىنى؛ ئاجىزلىق ۋە چارىسىزلىقتىن تۇغۇلغان غالىپ كېلىش تۇيغۇسىنىڭ، ئۇستۈنلۈككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇنى پەيدا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت نەزەرىيەنى ئەمىلى پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.[1] ئادلېر نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئىجتىمائىي جەمئىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چەكلىمىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ـ ئۇچرىماسلىقىغا ئاساسەن، بالىلارنىڭ ئۇستۈنلۈككە ئېرىشىش ياكى كۈچكە ئىگە بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن ئىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر ئۇيغۇر بالىسىغا يەسلىدە خىتاي تىلىدا ياخشى سۆزلەشتىن پەخىرلىنىشنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆگىتىلمىگەن، ئۇيغۇرچە سۆزلەش چەكلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىنىڭ باشقا بالىلاردىن ئالاھىدە بولۇشنى خىتاي تىلىنى چىرايلىق سۆزلەش ئارقىلىق پەخىرلىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنى پەخىرلىنىپ سۆزلەش ئارقىلىق ئىپادە قىلىشى مۇمكىن. (خىتايلارنىڭ ھازىرقى قوش تىللىق مارىپ سىياستى، ئۇيغۇر بالىلىرىغا خىتاي تىلىنى مەجبۇر تېڭىۋاتقان بولۇپ، قىزىقىش ۋە ئىنتىلىشنى يوق قىلىدىغان بۇ خىل مەجبۇرلاش ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى يوق قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ خىتايلارغا قارشى پىسخىك پەرقنى ئەكسىچە

(1) Understanding human nature, Alfred Adler, kindle location 469. one world publication 2014
ئىنسان تەبىئىتىنى چۈشىنىش، ئالفرېد ئادلېر، بىر دۇنيا نەشرىياتى 2014 نەشرى. كىندىل ئورنى 469

كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە كېيىنكى قىسمىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمەن.) ئادەتتە ئائىلىدە ئىقتىساد ھەققىدىكى قىيىنچىلىق ۋە غەم ـ قايغۇ بالىلارنىڭ ئالدىدا كۆپ تىلغا ئېلىنغاندا، بالا چوڭ بولغاندىمۇ پۇلى بولسىمۇ داۋاملىق پۇل ھەققىدە غەم قىلىدىغان، ئىقتىسادى ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئىقتىسادتىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايدىغان خاراكتېرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. چۈنكى بالا ئاساسەن ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆرنەك قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كرىزىسلارغا مۇۋاپىق جاۋاب بېرىش ئىقتىدارى تېخى يېتىلمىگەنلىكتىن، مەزكۇر مەسىلە ئۇنىڭغا ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان ئېغىر بېسىم بولۇپ شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئائىلىدە پەقەت ئىقتىساد ھەققىدە ھەرقانداق پاراڭغا شېرىك قىلىنمىغان، پۇلنى قانداق يىغىش، قانداق خەجلەش توغرىسىدا ھېچقانداق تەجرىبىگە ئىگە بولماي چوڭ بولغان بالىنىڭ، ئىقتىسادنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەيدىغان بولۇپ يېتىلىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا پسىخولوگىيە ئالىملىرى بالىلارغا ئىقتىساد باشقۇرۇش بىلىملىرىنى مۇۋاپىق شەكىلدە ئۆگىتىش ۋە پۇلنىڭ پەقەت غايىگە يېتىشتىكى كۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلار ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى تەكىتلەپ، ئۇلارغا يۈك قىلماسلىقنى تەرغىب قىلىدۇ.

گۈزەللىكى ئارقىلىق باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىششنى ئارزۇ قىلىدىغان ياسانچۇق قىزلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ياسانچۇق بولۇشى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار مەشھۇرلۇقنى ۋە ئۈستۈنلۈكنى كىنو چولپىنى بولۇش ئارزۇسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەلا ئوقۇش نەتىجىسى، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى، دىن ـ دىيانىتى ياكى باشقا ئىلىم ئارقىلىق ئىزدىشى مۇمكىن. بىز ئارزۇ قىلىدىغان ئەركىن «مەن» نىڭ قانداق سىزىپ چىقىلىشى ئەنە شۇنداق بىز مەنسۇپ بولغان مۇھىت ۋە توپلۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقتىن، بىر ئۇيغۇر مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ (ئۇنىڭ مىللىتى) ئەركىنلىكى، «مەن» نىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئۇنىڭ قانداق بىر توپلۇم بولۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە، خىتايلار سىزىپ بەرگەن «مەن» نى مەجبۇر تاللاشقا مەجبۇرلانغانلىقتىن مېڭىنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى، ئەركىن

ئىنكاس قايتۇرۇش ئىجادچانلىقىنى يوقىتىپ قويۇش كرىزىسى ئىچىدە، مېڭىسىنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىشىدىن قۇتۇلۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇ ھەقتە كېيىنكى قىسىمدا مېڭە يۇيۇش توغرىسىدا توختالغىنىمدا تەپسىلىي توختىلىمەن.

ئۇنداقتا باشقىلار تەرىپىدىن سىزىلغان «مەن» نى قوبۇل قىلىش مەجبۇرىيىتىدىن يېرىم ياكى پۈتۈن قۇتۇلغان، گەرچە سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ ئەمما مېڭىسىدىكى تاللاش پۈتۈنلەي تارتىپ ئېلىنمىغان بىر ئۇيغۇر ئۆزى تاللىغان «مەن» نى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزى مەنسۇپ بولغان «ئۇيغۇر» دىن ئىبارەت مىللەتنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ مىللىي كىملىكى ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە مىللەتنىڭ ھالىغا بېرىلگەن جاۋابى بولۇپ شەكىللەنگەندە، ئۇ ئۆزىدە باشقىلار تەرىپىدىن تېڭىلغان ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە شەكىللەندۈرگەن خاراكتېردىن قۇتۇلۇشقا، ئالفرېد ئېيتقاندەك رامكا سىزىپ بەرگۈچى مۇھىتقا مېڭىسىنىڭ ئىجادىي كۈچى ئارقىلىق جاۋاب بېرىشكە قادىر بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنداق بىر نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، مىڭىمىزنىڭ تاللاش ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىلگەن، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ مەجبۇر قىلغىنىدىن باشقا ھېچقانداق تاللاش يولىمىز قالمىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئارىمىزدىن سىرتقى كۈچ تاڭغان تاللاشقا بويسۇنماي مېڭىسى يۇيۇلمىغانلارنىڭ چىقىدىغانلىقى دەل ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئورنىشىپ بولغان مۇستەھكەم ئەقىدىسى ياكى ئىشەنچىسىنىڭ، باي مەنىۋى ئىچكى ھاياتىنىڭ سىرتقى كۈچتىن غالىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى، تۈرمىدە ياكى تۈرمە سىرتىدا باشقىلار بىلەن ئوخشاش شارائىتتا ياشاپ تۇرۇپمۇ مېڭىسى يۇيۇلمىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە كېيىنكى بۆلۈملەردە توختىلىپ ئۆتىمەن.

كىملىكنى ساقلاپ قېلىش، بىر گۇرۇپپا ياكى بىر مىللىي توپلۇمدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقتىن، ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىك مىللىي توپلۇمنىڭ كوللېكتىپ شەكىلدە مەۋجۇت بولۇشىغا بېقىنىدۇ. كوللېكتىپ شەكىلدىكى مەۋجۇتلۇق ئەڭ ئاۋۋال سىياسىي ئەركىنلىككە موھتاجدۇر. يەنى، شەخسنىڭ ئۆزى خالىغان «مەن» بولۇپ، ئەركىن ياشىشى، ئۇ مەنسۇپ بولغان مىللىي توپلۇمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بۇ مەۋجۇتلۇقنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان سىياسىي ئەركىنلىكتىن

خالىي ھالدا مەۋجۇت بولالمايدۇ.

ئۇنداقتا شەخس مەنسۇپ بولغان توپلۇم ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولسىمۇ، جۇغراپىيىلىك ئالمىشىش ئارقىلىق شەخسنىڭ زۇلۇم ۋە كونتروللۇق ئاستىدىكى ھاياتى ئۆزگەرتىلگەندە، ئۆزى خالىغان ھۆر «مەن» نى يارىتالامدۇ؟ ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزى خالىغان «مەن» نى ۋۇجۇدقا چىقىرالىدىمۇ؟ ئەركىن دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مۇتلەق ئەركىنلىككە ئېرىشتىمۇ؟

ئەگەر بىر ئۇيغۇر: «مەن ئۇيغۇر كىملىكىمنى ساقلاپ قېلىۋاتىمەن، خىتايغا قارشى مىللىتىمنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىساممۇ بولىدۇ» دەپ قاراۋاتقان بولسا ئۇنداقتا ئۇ بىرىنچىدىن زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشىنى پەقەت تىنچلىق يول بىلەن ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك ئارقىلىق جىسمانىي جەھەتتىكى ساقلىنىپ قېلىشقا باغلىۋالغان بولسا مەنتىقە خاتالىقى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن ۋەتەن سىرتىدىكى بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ، ھەتتا خېلى تەربىيە كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزنىڭمۇ، مىللەتنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىنى نوقۇل ھالدا كۈلتۈرنى ساقلاپ قېلىش بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي دەۋاسىدىن ئۇزاق تۇرۇش پەقەت ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز، دوپپىمىز، لەغمىنىمىزنى ساقلاپ قېلىش دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم ۋە ئاڭلىدىم.

ئاسسىمىلياتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچراپ يوقاپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر قارشىلىقنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېغىر قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇن - تىنسىز پۇرسەت كۈتۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تۈرلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشتۇر. ئەمما، سىياسىي ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش چۈشى بىلەن ساقلىنىپ قېلىشنى تەرغىب قىلىش كۆز قاراشلىرى، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش بىلەن ساقلىنىپ قېلىشنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىدىغان بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش مۇناسىۋىتىنى يوققا چىقىرىدۇ.

شۇنداقلا، ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە شەكلىدىكى مىللىي مەۋجۇتلۇقى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان، زۇلۇم ئاستىدا يوقىلىۋاتقان شارائىتتا، شەخس ئۆزىنىڭ بۇ مىللىي گەۋدىنىڭ كىملىكىنى ھاسىل قىلىۋاتقان ئەركىنلىككە بولغان

باغلىنىشنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولىدۇ. باغلىنىش يوقالغاندا، ئۇ شەخس ئۆزى ئىزدىگەن ياكى خاھىشىدىكى «مەن» نى يوقىتىدۇ. بىر ئۇيغۇر جۇغراپىيىلىك ئالمىشىش ئارقىلىق زۇلۇم ۋە كونتروللۇقتىن قۇتۇلغان ۋە ئەركىن دۇنيادا ئۆزىنى يېتىلدۈرۈپ بىئولوگىيە ئالىمى بولۇپ ياكى مەشھۇر سەنئەتكار بولۇپ ئۇتۇق قازانغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ قازانغان بۇ ئۇتۇقنىڭ مەنىسى ئۇ مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن باغلانمىغاندا، ئۇ پەقەت كىملىكسىز كەڭ بىر بوشلۇقتا چەكلىنىپ تۇگەيدۇ ياكى باشقا بىر ئومۇمىيلىققا خاس بولغان مەنبەدىن كىملىك ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. دىياسفورادا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ تۈگىمىگەن تەقدىردە قوش كىملىك ھاسىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇ دېگەنلىك ئەمىلىيەتتە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن كىملىكى بىلەن ئۆزى ئەسلى مەنسۇپ بولغان دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن كىملىكىدىن ئىبارەت ئىككى كىملىك بولماستىن، بەلكى ئىككىلا دۆلەتنىڭ يېرىم كىملىكىدىن تەركىب تاپقان ئەبجەش بىر كىملىكتۇر. شەخس داۋاملىق ھەر ئىككى دۆلەتتىكى ئاشۇ يېرىم كىملىكنى پۈتۈنلەش ئۈچۈن جان تالىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جان تالىشىش جەريانى بولسا ئۇنى ئۇ ئەسلىدە مەنسۇپ بولغان تۇپلۇمنىڭ ئېتنىك كىملىكى ۋە مىللىي كىملىكىگە بىۋاستە باغلايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر دىياسفوراسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىك پەرقى ئۇنى شۇ يەردىكى ئۇيغۇر بولمىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئادالەت تۇيغۇسى تۇپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈدىغان، كۆڭۈل بۆلۈشىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان پەرقلىق كۆڭۈل بۆلۈشكە، يەنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مىللىي كىملىكىگە باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق باشقا بىر ئومۇمىيلىق، بىر مىللەتنىڭ كۈرەش ئارقىلىق يېتىدىغان، كەڭ دائىرىدە كىشىنى مۇتلەق قانائەتلەندۈرىدىغان، يەنى كىشىگە مۇتلەق بەختەرلىك بەخش ئېتىدىغان مىللەتچىلىك كۈچىدەك كۈچلۈك بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىگە مەنسۇپ بولمىغان ھەرقانداق ئومۇمىيلىقنىڭ تەسىر دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ. ئىرلاندىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى رىچارد ئىنگلىز، ئۆزىنىڭ «ئىرلاند ئەركىنلىكى» دېگەن كىتابىدا مىللەتچىلىكنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ رەت قىلغۇسىز

دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مىللەتچىلىك، ئىنسانىنىڭ باشقا نۇرغۇن نەرسىلەر قاندۇرالمايدىغان ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. بولۇپمۇ تېررىتورىيە، جىنسىيەت ۋە دۇنيادىكى سىنىپ پەرقىدىن ئىبارەت دەرىجىسىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. مىللەتچىلىك ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ماددىي ـ مەنىۋى روھى، سىياسىي، كۈلتۈر ۋە پىسخىكىدىن ئىبارەت نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ»[1].

ئۇنداقتا، مىللەتچىلىك دېگەن نىمە؟ ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەركىنلىك بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ نىمە ئۈچۈن بىز كىملىكىمىزنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە باغلانغان ئومۇمىيلىقتىن ئەمەس، ياكى پەقەت كۈلتۈر بىلەن شەرھلەنگەن ئېتنىك مىللەت ئۇقۇمى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تېررىتورىيە ۋە زېمىن ھوقۇقى بىلەن شەرھلىنىدىغان مىللەت ئۇقۇمىدىنمۇ ئىزدەشكە موھتاج؟ مەن بۇ كىتابىنىڭ كىملىك ۋە مىللەتچىلىك قىسمىدا بۇ توغرىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتۈمەن. پەقەت بۇ يەردە ئېتنىك كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم بولغان يەنە بىر ئامىل، بولۇپمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قارشىلىققا مەنبە بولىدىغان پىسخىك چېگرا ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن: بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشىدا ئۇنىڭ تىلى، دىنى، قانداشلىقى، كۈلتۈرى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم بولغىنىغا ۋە شۇنىڭدەك قارشىلىقنىڭمۇ مۇھىم بولغىنىدەك، ئۇنىڭ باشقا مىللەتتىن ئۆزىنى پىسخىك جەھەتتە پەرقلەندۈرۈشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىل پەرقلەندۈرۈش، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى روشەنلەشتۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇستەل مەدىنىيىتىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنى خىتايدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ مەدەنىيەتنى خىتايلار بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ھېس قىلىش ۋە تۇتۇش جەريانىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۇستەلگە داستىخان سالماي تاماق يېيىشنى، تاماق ۋاقتىدا كۆپ گەپ قىلغان، ئاۋازلىق تاماق يېگەنلەرنى خىتايغا ئوخشىتىدۇ، باشقىلار يەپ بولغۇچە ساقلاپ ئولتۇرۇپ بىرلىكتە دۇئا قىلىپ ئۇستەلدىن تۇرماي ئۆزى تاماق يەپ بولۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشنىمۇ خىتايغا ئوخشىتىدۇ. مېڭىپ يۈرۈپ نەرسە يېيىشنى، قولىنى

(1) «ئېرلاند ئەركىنلىكى» 5ـ بەت. رىچارد ئىنگلىز . 2008 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئېلېكتېرونلۇق نۇسخا.
www.panmacmillan.com

يۇماي تاماق ئۇستىلىگە كېلىشنى، تاماق يېيىشتىن ئۇ يەر بۇ يەرنى تۇتۇشنى خىتايغا ئوخشىتىدۇ ۋە خىتايلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ خىل تەرەپلىرىدىن پەرقلىنىش ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى ئۇستەل مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. لېكىن ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاندا ئائىلىدە بالىلارغا خىتايغا ئوخشىماسلىق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش خىتاي ھوكۇمىتى تەرىپىدىن جىنايەت ھېسابلىنىپ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقتىن، گەرچە ئاتا ـ ئانىلار تەربىيەنى خىتايغا سېلىشتۇرغان ھالدا ئېلىپ بارالمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا ئوخشىماسلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئوخشاپ قېلىشقا سەل قارىماسلىق، ئوتتۇرىدىكى چېگرىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمىلىيەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتى، بۇ خىل پىسخىك پەرقنى ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئېغىر دەرىجىدىكى كەمسىتىش سىياسىتى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىپ خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. يېقىنقى كۈنلەردە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى كىچىك بالىنىڭ سىن فىلىمى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە ئۈچ ياشلىق ئۇيغۇر بالىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق خىتاي سىياسى ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمىنى دادىسىنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى ئاستىدا تولۇق يادقا ئېيتالايدىكەن. يەنە بىر سىن فىلىمدىكى ئوخشاش ياشتىكى ئۇيغۇر بالا بولسا، خىتاي مۇئەللىم «خىتاي دۆلەت بايرىقى» دېگەن خىتايچە سۆزنى يۈز قېتىم ئۆگەتسىمۇ زادىلا توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچى بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۆلارنى دادىسى ئۇنىڭغا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئۆگەتكەنلىكى، ئۇنىڭ خىتاي باشلىقلارنىڭ ئىسمىنى يادلىشىدىن غۇرۇر تۇيغانلىقى ئۈچۈن، بالىلىق پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىق تۇيغۇسى بۇ ئارقىلىق بالىنى سۆيۈنۈشكە ئېرىشىشكە مەجبۇر قىلغان . نەتىجىدە بۇ كىچىككىنە سنارىيە بالىنىڭ قەلبىگە قۇللۇق ئىدېئولوگىيەسىنىڭ تامغىسىنى ئۇرىدىغان بولۇپ، بالا چوڭ بولغاندا بېقىندىچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى ئېغىر. ئەمما ئىككىنچى فىلىمدىكى بالا، خىتاي قوش تىللىق مائارىپىنىڭ قۇربانى بولۇپ، مەجبۇري تېڭىلغان ھەرقانداق نەرسە بالىلادا سەسكىنىش ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغانلىقتىن، بۇ بالىلار ئۆز ئانا تىلىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ خىتايچە سۆزلەپ چوڭ بولغان تەقدىرىمۇ ئۇلارنىڭ

بالىلىق دەۋرىدىكى مەجبۇرلىنىشتىن كېلىپ چىققان «بىزارلىق» مەڭگۈلۈك تامغا سۈپىتىدە ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. پىسخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ، بالىلىقتىكى ۋەقەلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ يېتىلىش خاراكتېرى ۋە كېيىنكى ھاياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئانالىزلىرى بۇ ئەھۋالنى بىردەك دەلىللەيدۇ. بالا چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى بىزارلىق ئۇنىڭ ئۆزىنى خىتايدىن پىسخىك جەھەتتە پەرقلىق ھېس قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىشى ۋە خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئانتىرپولوگلار مەدەنىيەتنىڭ بىر مىللەتنى ساقلاپ قېلىشىدىكى كۈچى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى، كۇلتۇر جەمئىيەت تەرىپىدىن تەسىرگە ئۇچراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ مىللەتنىڭ مەلۇم كۇلتۇرنى ئورتاق قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولغانلىقتىن، بۇ شۇ مىللەت ئۆزى خالىغانچە تاللاپ بېكىتىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس، دەل شۇنداق بولغاچقا مەدەنىيىتى (كۇلتۇر) ئۆزگىرىپ تەرەققي قىلىپ تۇرغان ھالدىمۇ بىر مىللەت يەنىلا ئېتنىك كىملىكىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ دەپ قارايدۇ[1] دېمەك، كۇلتۇر (مەدەنىيەت) جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقتىن، پەقەت بىر مىللەتنىڭ مەدەنيي كىملىكىنىلا كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يالغۇز ھالدا بىر مىللەتنىڭ مۇكەممەل ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدىكى كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئېتنىك كىملىك بولسا ئورتاق كۇلتۇردىن باشقا، قانداشلىق، ئورتاق ئۆتمۈش ۋە تارىخ ، ئورتاق نىشان ياكى ئورتاق كەلگۈسى، تىل، دىن ۋە باشقا گۇرۇپ ياكى مىللەت بىلەن بولغان ئايرىلىق ساقلاش، بولۇپمۇ پسىخىك پەرق ھېس قىلىش، ئورتاق سىياسى تەقدىر دېگەندەك بىرمۇنچە ئامىللارغا چېتىلغان ھالدا مەۋجۇت بولىدىغانلىقتىن ئۇيغۇركىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتا نۇقۇل ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى (كۇلتۇرى) ساقلاپ قېلىشقىلا باغلاپ قاراش ئەمىلىيەتتە، روماللارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ھېچقانداق تېررىتورىيەگە باغلىق بولمىغان ھالدا سەرگەردان سۈپەتتە ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ

(1) ئېتنىك مىللەت ۋە مىللەتچىلىك، توماس خىللان ئېرىكسېن، ئانتروپولوگ نۇقتىسىدىن قاراش
ethnicity and nationalism, tomas hyllan Eriksen.,antropologist prespective, page 102

ئېتنىك كىملىكنىڭ مىللىي كىملىك ئۈچۈن ياشىشى ۋە مەۋجۇت بولۇشىنى ئىنكار قىلىپ، دۆلەت چۈشەنچىسى ۋە تېررىتورىيە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىمىزغا سەل قارىغان بولىمىز.

ئېنىقكى، بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى سىياسىي، ئىقتىسادىي سەۋەبلەرگىمۇ زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بىلەن ئوزبېكلەرنىڭ ئىككى مىللەت بولۇپ ئايرىلىپ قېلىشىلا بۇ مەسىلىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىلگىنىمىزدەك بۇ ئىككى مىللەت گەرچە دىن، تىل ۋە كۇلتۇر جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە ۋە قانداش بولسىمۇ، سىياسىي سەۋەب ئۇلارنى ئىككى مىللەتكە ئايرىۋەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئوخشاش ئۆتمۈش ياكى ئوخشاش زۇلۇم ۋە شۇنداقلا ئورتاق كەلگۈسىگە ئىگە بولماسلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى شەكىللەندۈرۈپ ياكى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇتۇپ تۇرماقتا. چۈنكى ئوزبېكلەر ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خىتاي زۇلمىغا ئۇچراپ ياشاۋاتقان ئەمەس، ئۇلارنىڭ دۆلىتى بار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش قولدىن كەتكەن دۆلىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىش تەشنالىقى يوق. خىتاي زۇلمىدا ئېزىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئۆتمۈش ۋە بۇ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئىدېئولوگىيەسى ئۇيغۇرلاردا ئورتاق بىر سىياسىي كىملىكنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ سىياسىي كىملىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە ئۇيۇشىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

# كىملىك ۋە مىللەتچىلىك

**ئامانلىقى ئۈچۈن ھۆرلۈكىنى قۇربان قىلىدىغانلار، مەڭگۈ ھۆر ۋە ئامان بولالمايدۇ ياكى ھەر ئىككىسىگە لايىق بولمايدۇ.**

**- بېنيامىن فرانكلىن**

ئىنساننىڭ ئىنسان سۈپىتىدە مۇتلەق ئەركىنلىككە يېتىشى پەقەت ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىغا بولغان مۇتلەق ئېتىقادى ۋە شۇنداقلا بارلىق كونترول قىلغۇچى كۈچلەرنى ئىنكار قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. كونترول قىلغۇچى كۈچلەرنى ئىنكار قىلىش جەريانى بولسا ئەڭ ئالدى بىلەن سىزنى ۋە سىز مەنسۇپ بولغان توپلۇق ياكى مىللەتنى كونترول قىلغۇچى كۈچنى ئىنكار قىلىش ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش جەريانى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ جەريان دەل بىز ھېس قىلغان مىللەتچىلىكتۇر.

ئەركىنلىك، ئەركىنلىكى باشقىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى «مەن» مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ كىملىك پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە پەننىي تەرەققىياتىدىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىش بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، تېررىتورىيەلىك زېمىن ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىك ساھەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان كۈرەش جەريانىدىن ئىبارەت مىللەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك.

«مىللەت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشى «Nation» بولۇپ، لاتىنچى - دىكى «Nationem» ياكى «Nasci» دېگەن سۆزدىن كىرگەن. مەنىسى «قانداشلىق»

بولۇپ، «Nation» يەنى «مىللەت» دېگەن سۆزنىڭ هازىرقى زامان لۇغەت مەنىسى «مەلۇم ئىرقتىكى، ئومۇمىي يىلتىز، تارىخ ۋە تىل بىلەن خاراكتېرلەنگەن». ئادەتتە ئايرىم سىياسىي دۆلىتى ياكى تېررىتورىيىسى بولغان توپلۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، مىللەتچىلىك مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەنىنى بىلدۈرىدۇ[1]:

1. ۋەتىنىگە، مىللىتىگە بولغان سۆيگۈ ۋە ساداقەت، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى باشقا ھەممە مىللەتتىن ئۈستۈن كۆرۈش. 2. مەلۇم ئىرققا ئوخشاش مەدەنىيەت، تارىخ ۋە تىلغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئايرىم دۆلەت قۇرۇش، تېررىتورىيە ۋە ۋەتەنگە ئىگە بولۇش ئارزۇسى.[2]

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل لۇغەت مەنىسىنىڭ ئىچىدە مىللەتچىلىكنىڭ ئىككىنچى مەنىسىگە ئاساسەن، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى شەرھلەنگەن بولۇپ، ئىرېلاند مىللەتچىلىكى تەتقىقاتچىسى رىچارد ئىنگلىز بۇ نۇقتىنى تەستىقلاپ، مىللەتچىلىكنىڭ شەخسنىڭ ئۆزىگە قانائەت تېپىش جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن توپلۇق سۈپىتىدە كۈچكە ئېرىشىش كۆرۈشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[3]. بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش كۈرىشى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. رىچارد ئىنگلىزنىڭ، ئېرلاندلارنىڭ مىللەتچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا، «مىللەتچىلەرنى كۈرەشكە بۇنچىۋالا ئۈندىگەن كۈچ نېمە؟» دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ ۋە ياكى باشقا مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتچىلەرنىڭ كۈرىشى قاتارلىق بىر قاتار كۈرەش ۋە ئىستەكنىڭ بېرىدىغان جاۋابى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى» دۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مىللەتچىلەرنىڭ كۈرىشى بەختسىزلىكنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان بەخت ۋە نەتىجىنى دەسسىتىش ۋە بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئازادلىق نىشانىنى قوغلىشىش...»

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى؛ مىللىتى، رەڭگى، سەت ـ چىرايلىق بولۇشى، مېيىپ ياكى ساغلام بولۇشىغا قاراپ كەمسى ـ تىلمەيدىغانلىقىنى تەرغىب قىلىدىغانلىقتىن، بەزىلىرىمىز «مىللەتچىلىك

(1) https://en.oxforddictionaries.com/definition/nation
(2) https://en.oxforddictionaries.com/definition/nationalism
(3) « ئېرلاند ئەركىنلىكى»، رىچارد ئىنگلىز، 2008 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئېلېكتىرونلۇق نۇسخا، www.panmacmillan.com

دىنىمىزغا يات» دېگەن زىتلىق ئۇقۇمنى سىڭدۈرۈۋالدۇق. بولۇپمۇ ئۇممەت بىلەن مىللەت ئۇقۇمىنى بىر - بىرىگە قارمۇ قارشى قىلىپ كەلدۇق. ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىنى ئۇ ئۇنداق ياكى بۇ بۇنداق دەپ كەمسىتىشىمىز ئېغىر گۇناھ ئەمەسمۇ؟ كىبىرلىك ئەمەسمۇ؟ كىبىرلىك قىلىش ئەڭ باشتا شەيتان تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان بىرىنچى گۇناھ[1] ئەمەسمۇ؟ دېيەلىگەن بولساقمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ خاتاسىغا قارشى تۇرۇشنى ئۇنىڭ يارىتىلىشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالدۇق. بىزنىڭ مىللەتچىلىكىمىز خىتايدىن ئىبارەت يارىتىلىشقا، مۇنداقچە ئېيتقاندا خىتاي ئۆزىنى سۈپەتلىگەن بارلىق كىملىكلىرى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ھالەتتىكى پەقەت يالىڭاچ «ئىنسان» لىقىغا ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە، دۇنيادا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسانىيەتكە زىيانلىق ھەرىكىتىگە ۋە ئادەتلىرىگە، تېررورلۇق زۇلمىغا، ئادالەتسىزلىكىگە ۋە ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت غايەت زور يولسىزلىقىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، خىتاي مىللىتىنى ئاللاھ ياراتتى، ئەمما ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئەمەس. دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىكى مىللەتچىلىكنىڭ بىرىنچى خىل لۇغەت مەنىسىگە چۈشمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىت. مانا بۇ سەۋەبتىن ئىسلامدىكى مىللەت ئايرىپ كەمسىتمەسلىك بىلەن توقۇنۇشمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى، گېرمان ناتسىستلىرىنىڭ مىللەتچىلىكىدەك ياكى خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكىدەك ئۆز مىللىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىشتىن ئىبارەت مىللەتچىلىكنىڭ بىرىنچى لۇغەت مەنىسى بولماستىن، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەركىنلىك ۋە زېمىن ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش نۇقتىسىدا ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇممەت ۋە مىللەت چۈشەنچىسىدە، «ئۇممەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەكمۇ ياكى مىللەتنىمۇ؟» مەسىلىسى، ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر بىرلىككە كېلەلمىگەن مەسىلىدۇر. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇرلاردا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىسلامدىكى سىياسىيۋىلىك، پۈتۈن ئۇممەتنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن مىللەت ئۇقۇمىنى يوققا چىقىرىش شەكلىدە ئۆزىنى ئەكس ئەتتۇرمەكتە. مىللەتچىلىك ئۇقۇمى بولسا دىنىنى سىياسەتتىن ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇممەتنى

(1) قۇرئان، 2 - سۈرە، بەقەرە، 34- ئايەت. ئادەمگە روھ پۈۋلەنگەندىن كېيىن، ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. ئىبلىس بۇنى رەت قىلىپ كىبىرلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شەيتان بولۇپ كەتتى.

ئەمەس، مىللەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش بولۇپ كەلمەكتە.

ئەلۋەتتە، ئۇممەتنىڭ بىرلىشىشى، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىشى، كۈچلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ھازىرغا قەدەر مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۆز مەسىلىسىنى ئۇممەتكە تايىنىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئېتنىك (مىللىي) مەسىلە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەمكارلىشىشتىن ئۇزاقلىشىپ كەتتى، ھەتتا بىر - بىرنى سېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. مەسىلەن: ئىراق تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا مالايسىيا ياكى پاكىستان ۋە ياكى باشقا بىر مۇسۇلمان دۆلەت بۇ مەسىلىگە ئارىلاشمىدى. ئۇيغۇرلار مۇستەملىكىدە قالغاندا ئەرەب مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ قويمىدى. ھەتتا پاكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەر خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇردى ۋە ساتتى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي سىياسەتتىن ئايرىغان شەكىلدە بولسىمۇ «NATO» (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى) غا ئوخشاش بىر ھەربىي بىرلىكى بولغىنى يوق. ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغان ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان مەملىكەتلەرنىڭ مەسىلىلىرى، ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق بىلەن چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، تېخى كۈچلۈك ھەربىي بىرلىكسەپ قۇرۇپ چىقالمىدى. بۇنداق بىر باسقۇچقا تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى سەۋەبمۇ، دەل ھەر بىر مۇسۇلمان ئەلنىڭ كۈچلۈك بولمىغانلىقى ۋە شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بولمىغانلىقىدا. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نوقۇل ھالدا ئۇممەتچىلىك قىلىپ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەياكى نوقۇل ھالدا مىللەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىپ ئۇممەتنىڭ كۈچىيىشىگە سەل قاراپ، ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن رادىكاللارچە ئايرىۋېتىش ھەم مىللەتكە ھەم ئۇممەتكە زىيان يەتكۈزۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇيغۇردىن ئىبارەت مۇستەملىكە ئاستىدىكى بىر مىللەت، مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئارزۇسىنى يوقاتقاندا قانداقمۇ ئۇممەت ئۈچۈن خىزمەت قىلالىسۇن؟ ئۇممەتنىڭ بىرلىشىشى زامان، ماكان ۋە كۈچتىن ئىبارەت شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاشنى تەقەززا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردا ئۇممەت دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىققۇدەك ھېچقانداق كۈچ ۋە

شارائىت ھازىرلانماي تۇرۇپ، ھەتتا ئۆزىمىزنى قوغداش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىزمۇ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بىر شارائىتتا قايسى كۈچىڭىز بىلەن ئۇممەت ئۈچۈن تۈۋلايسىز ۋەياكى تېرىلىشكە ئېھتىياجى بولغان بۇ مىللەتنى ئىنكار قىلىسىز؟ ئەگەر بىزدىكى مىللەتچىلىك يوقالسا، ئۇ ھالدا بىزدىكى دۆلەت قۇرۇش ۋە تېررىتورىيەگە ئىگە بولۇپ بىخەتەرلىككە ئېرىشىش يوقالغان بولىدۇ. تېررىتورىيە ۋە بىخەتەرلىككە ئېرىشەلمىگەندە كۈچلىنىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ مىللەتچىلىك ئۇممەتكە قارشى قويۇلغان ئايرىمچىلىق بولماستىن، بەلكى تېررىتورىيەگە ئىگە بولۇپ دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئۇممەتنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر دەۋاسىدا مىللەتچىلىكنى تۇرغۇزۇش، ئۇممەتنى ئېتىراپ قىلىش ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى تەستىقلاش مېنىڭچە بەكمۇ زۆرۈر.

مىللەتچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا قارىتا تارىخچىلار، جەمئىيەتشۇناسلار ۋە مىللەت تەتقىقاتچىلىرى ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە مودېرنىزمنى تەرغىب قىلىدىغان مودېرنىست، (Modersnts) شۇنداقلا پرېموردىئالستىس (Primordialsts) ۋە ئېتنو ـ سىمۋولىستلىس (ethno- symbolist) تىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلىنىدۇ.

مودېرنىستلار مىللەتچىلىكنى رومانتىزمغا باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ. چۈنكى ياۋروپادا 18 ـ ئەسىردە رومانتىزمنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن رومانتىك مىللەتچىلىك مەيدانغا كەلگەن. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئەۋج ئېلىش بىلەن نۇرغۇن مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇرۇلدى. رومانتىك مىللەتچىلىك، رومانتىزمنى يەنى خەلق تىلى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، خەلق ئەدەبىياتى، خەلق مۇزىكىسى، پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى قاتارلىق خەلق سەنئىتىنى مەنبە قىلغان.

«رومانتىزم» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ دەسلەپتە گېرمانىيەلىك شائىر فرېدرىخ شلېگېل (Karl Wilhelm Friedrich Schlegel) ئەدەبىياتنى سۈپەتلەشتە ئىشلەتكەن بولۇپ[1]، 1784 ـ يىللاردا ياشىغان فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ، يازغۇچى

(1) پەنگۇئىن لۇغىتى، 3ـ نۇسخا. لوندون: پەنگۇئىن كىتاپلىرى، ( 1991 ).
The Penguin Dictionary of Literary Terms and Literary Theory. Third Ed. London: Penguin Books, ( 1991 )

روسسو (Jean-Jacques Rousseau) قاتارلىقلار ياۋروپادا رومانتىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. رومانتىزم ئەدەبىياتتا تەسەۋۋۇر، ھېس - تۇيغۇ ۋە ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى تۇيغۇنى كونترول قىلىش، لوگىكا، تەڭپۇڭلۇق قائىدە - تۈزۈم ۋە نازاكەتنى تەرغىب قىلغان يېڭى كلاسسىك ئەدەبىياتقا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ بىر ئىسلاھات ئىدى. مەسىلەن: ئەڭ دەسلەپتە گېرمانىيەلىك ئاكادېمىك گرىم ئاكا - ئۇكىلار (Jacob Ludwig Carl Grimm 1785–1863, Wilhelm Grimm 1786- 1859) تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئەسەرلىرىنى توپلىغان ۋە «قار مەلىكە»، «پاقا شاھزادە»، «كۈلقىز (سىندېرېللا)»، «ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال» قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر چۆچەكلەرنى يىغىپ، رەتلەپ يېزىپ چىققان. رومانتىك مىللەتچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى مانا مۇشۇنداق خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت - سەنئەت بايلىقىدىن ئىلھام ئالغانلىقتىن[1]، ياۋروپادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بايقاش ۋە گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئەركىنلىكى، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتكەن. پولشانىڭمۇ رۇسىيەگە قارشى مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىپ مۇستەقىللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى ۋە ئاخىرى مۇستەقىل بولۇشىدا رومانتىزم ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

بۇ سەۋەبتىن، ئەنگلىيەلىك پەلسەپە ئالىمى ۋە ئانتروپولوگ، ئېرنىست گېللنېرغا (Ernest Gellner) ئوخشاش مودېرنىستلار، مىللەتچىلىك - دۆلەت قۇرۇش ئېڭى شەكىللەنگەندىن كېيىن، فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن، چۈنكى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى، مەتبەچىلىك مىللەتنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ ئۇيۇشۇشىنى، پىكىر ئالماشتۇرۇشىنى، بۇ ئارقىلىق بىرلىششىنى تېزلەتكەن، دەپ قارايدۇ[2]. مودېرنىستلارنىڭ قارىشىچە، مىللەتچىلىك تاللاشقا بولىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇ، پرىمورداليستلار (Primordialst) ئېيتقاندەك، مەيلى چوقۇم بىر ئىنسان ئۆزى خالىسۇن - خالىمىسۇن كىملىككە ۋە تارىخىي يىلتىزغا ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن مەنسۇپ بولىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى شەخس ۋە مىللەت

---

(1) ئاكا - ئۇكا گرىملارنىڭ بىئوگرافىيەسى
http://www.germanpulse.com/2012/04/10/the-history-of-the-brothers-grimm/

(2) ئېرنىست گېللېر، مىللەت ۋە مىللەتچىلىك، ئوكسفورد باسىل- بلاكۋېلل. 1983 - يىل نەشرى، 35- بەت.
Ernest Gellner, Nation and Nationalism , Oxford- basil - blakwell. 1983. page 35

ئۇنى ئەركىنلىك ئۈچۈن بىر يەرگە كېلىش مەقسىتىدە تاللىيالايدۇ دەپ قارايدۇ. مودېرنىستلارنىڭ قارىشىچە سانائەتلىشىشكە ئەگىشىپ كەڭ كولەملىك خەلق ئاممىسى ئورتاق بىر ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سىستېمىغا كىرگەن ۋە بۇنىڭلىق بىلەن، قەبىلە، قانداشلىق، فېئوداللىزم ئىدېئولوگىيەسى ياكى دىن بۇ خەلقنى ئۇيۇملۇك شەكىلدە تەشكىللىيەلمەس ھالغا كەلگەن. ماشىنىلاشقان سانائەت ئىشچىلار قوشۇنىنى پەيدا قىلىپ ئۇلارنى يېڭى بىر جەمئىيەت سىستېمىسىغا قاتنىشىشقا مۇۋەپپەق قىلغان. دەل مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئىدېئولوگىيە مىللەتچىلىك ئىدى. چۈنكى مىللەتچىلىك ئاشۇ ۋەزىيەتتىكى كىشىلەر قاتنىشۋاتقان جەمئىيەت سىستېمىسى شەكىللەندۇرگەن دۆلەتكە سادىق بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. دۆلەت ئۇلارنى بىرلىككە كەلگەن تىل ۋە مۇقىم مائارىپ سىستېمىسى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىدىغان ئەمگەك بازىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى.[1] ياۋروپانىڭ سانائەتلىشىشتىن بۇرۇنقى پادىشالىق دۆلەت دەۋرلىرىدە بولسا، گراژدانلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىرلىك ئورتاقلىقى بولغان بىر جەمئىيەت شەكىللەندۇرمىگەن بولۇپ، ئورتاق تىلىمۇ يوق ئىدى. بىر رايون يەنە بىر رايونغا، خەلقلەر ھوكۇمرانلارغا ئوخشىمايدىغان تىللاردا، ھەر توپلۇم ئۆزىنىڭ تىلىدا سۆزلىشىۋەرەتتى.[2] ھەممە خەلق ئورتاق بىلىدىغان بىر مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشى يوق ئىدى. ئامېرىكىلىق پروفېسسور، مىللەتلەر تەتقىقاتچىسى ۋالكېر كوننور (Walker Connor) قاتارلىق پرىموردىئالىستلار بولسا مىللەتچىلىك قەدىمدىن تارتىپ، يەنى مىللەت شەكىللەنگەندىن تارتىپ مەۋجۇت ئىدى، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دىنلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مىللەتلەرنىڭ قەبىلە ئايرىش كۇرەشلىرى، كۆچ تالىشىش، تېررىتورىيەسىنى قوغداش ئۈچۈن بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولۇش جەريانىدا كۇلتۇر شەكىللەندۇرۇپ بۇنىڭ ئۈچۈن كۇرەش قىلىشى، شۇ چاغدىمۇ مىللەتچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مىللەتچىلىك قاندافتۇر سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن پەيدا بولغان ئەمەس، دەپ قارايدۇ ۋە مىللەتچىلىككە تەبىر بەرگەندە كىملىك ۋە ئۆز

(1) ئېرنست گىللېر، مىللەتلەر ۋە مىللەتچىلىك، ئوكسفورد باسىل ـ بلاكۋېلل. 1983 ـ يىل نەشرى، 34ـ بەت.
Ernest Gellner, Nations and Nationalism , Oxford- basil - blakwell. 1983. page 34
(2) ئېرنست گىللېر، مىللەتلەر ۋە مىللەتچىلىك، ئوكسفورد باسىل ـ بلاكۋېلل.1983 ـ يىل نەشرى، 21ـ بەت
Ernest Gellner, Nations and Nationalism , Oxford- basil - blakwell. 1983. page21

مىللەتكە بولغان ساداقەتنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ[1].

ئېتنوسىمۋولىزم بولسا مىللەتچىلىكنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە شەھەرلىشىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ مودېرنىستلارنى تەستىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللەتچىلىكنى چۈشىنىش ئۈچۈن مىللەتتە مىللەتچىلىك ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشىدا رول ئوينايدىغان دۆلەت ئېڭى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى تارىخى يىلتىز ۋە سىمۋوللۇق خاراكتېرگە سەل قارىمايدۇ. ئۇلار مىللەتچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدا قەدىمي ئەجدادلار روھى، قەھرىمانلار ۋە قەبىلىلەر رەئىسلىرى، جەمئىيەت بولۇپ شەكىللىنىش، تەبىئىي ۋە ئورگانىك شەكىللىنىش، سۈپەت ۋە مەشھۇرلۇقنى مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئېتنىك سىمۋولىزم ـ بىر مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپ ـ لېمېنتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، مودېرنىستلارنىڭ مىللەتچىلىك سانائەت ئىنقى ـ لابىدىن كېيىن، يەنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلدى دېگەن كۆز قارىشىنى «ئۇنداقتا مىللەتمۇ شۇ چاغلاردا مەيدانغا كەلگەنمۇ؟» دەپ رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار مىللەت مىللەتچىلىكنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسى كۈچ تۇرسا، دەپ قارايدۇ[2]. مودېرنىستلار بۇنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، مىللەتچىلىك مىللەتنى پەيدا قىلىدۇ دەيدۇ. ئەمما ئېتنو ـ سىمۋولىزىم مودېرنىستلارنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا قېتىلمايدىغان بولۇپ، مىللەتچىلىك باشتا پەيدا بولىدىغان بولسا، ئۆزلۈكىدىن بىر توپلۇق سىياسي كۈچنى نىشان قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ توپلۇق مىللەت بولۇپ شەكىللىنەلەمدۇ؟ مىللەتچىلىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى مىللەت ئۇقۇمىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ دەپ مودېرنىستلارنىڭ قارىشىنى رەت قىلىدۇ.

مودېرنىستلار، مىللەتچىلىك ئەزەلدىن تەبىئىي شەكىللەنگەن ۋە تارىخى يىلتىزى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كۈچ ئەمەس. ئۇ شەھەرلىشىشتىن كېيىن، يېقىنقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ھازىرلىغان شەرت ـ شارائىت ئاستىدا، ئەقىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پىلانلىق ھەرىكەتتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ فېئودالىزمغا، ئىمپېرىيالىزمغا قارشى پەيدا بولغان،

(1) كونور ۋالكەر، « ئېتنىك مىللەتچىلىكنى چۈشىنىش ھەققىدە ئىزدىنىش »، 6 ـ بەت. پرەستىتون ئۇنىۋېرستى نەشرى، 1994.
Connor, Walker (1994), Ethnonationalism The Quest for Understanding (Princeton: Princeton University Press) page 6

(2) ئانتونى در. سمت، « ئېتنىك سىمۋوللۇق ۋە مىللەتچىلىك: مەدەنىيەت نوقتىسىدىن تەھلىل»، بىرىنچى نۇسخا، (43 ـ بەت)
Anthony D.Smith, Ethno- Symbolism and Nationalism: A cultural approach. First edition, page 43

ئۇيۇشقان بىر مىللەتنىڭ ھەرىكىتىنى ئاساس قىلىدۇ ۋە بۇ ھەرىكەت مىللەتنى شەكىللەندۇرىدۇ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللەتچىلىكنى شۇ مىللەت دۆلىتىنىڭ پسىخولوگىيىلىك كۈچىدىن ۋە جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىر ماشىنىنى ياساشنى خەرىتە، سىخېمىلاردىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، مىللەتچىلىكنىمۇ ئالاقە ۋاسىتىلىرى، شەھەرلىشىش، كەڭ ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ ۋە سىياسەتكە قاتنىشىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ[1].

ئۇنداقتا ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىچۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئېڭى، مودېرنىستلارنىڭ مىللەتچىلىككە بىر مىللەتنىڭ ياكى مەلۇم تېررىتورىيەگە مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇش، يەنى ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ ئىزاھلىغىنىدەك، ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەنمۇ؟ ياكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى، ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر مىللىتى» دېگەن بۇ ئىسىم ۋە كىملىككە ئېرىشكەندىن بۇرۇن مەۋجۇتمۇ؟ ئەگەر شۇ چاغلاردىلا مەۋجۇت بولسا ئۇنداقتا ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى بولغانمۇ؟

ئەگەر ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى مودېرنىستلارنىڭ مىللەتچىلىككە بەرگەن ئىزاھاتىغا ئاساسەن، مىللەتچىلىك ئورتاق تېررىتورىيەگە ئىگە خەلقنىڭ سىياسىي كۈچكە ئېرىشىپ، مۇستەقىل ھالدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىكىنى ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىز بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى جۇمھۇرىيەت دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىلگىرىمۇ، ھەر بىر تارىخىي دەۋرىدە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆزىگە خاس قوزغاتقۇچى كۈچى بولغان. ئۇيغۇرلاردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىكى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن بولغان مىللەتچىلىك بولماستىن، بەلكى نوقۇل ھالدا شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىدىكى مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئىسلام بىلەن بىرلەشكەن مىللەتچىلىك دەپ قاراشقا

(1) ئانتونى در. سمت، «مىللەتچىلىك ۋە مودېرنىزىم»، رووتلېدج نەشرى، 98 ـ يىل. 23 ـ بەت.
Anthony dr. Smith, nationalism and modernism, Routledge, 1998, page 23

بولىدۇ. مۇستەملىكە ئاستىدىكى زېمىن، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ئىدېئولوگىيەسىگە تۈرتكە بولۇۋاتقان بولۇپ، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ «promised land» (ئاللاھ يەھۇدىيلارغا ۋەدە قىلغان زېمىن) دېگەن ئىدېئولوگىيەسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار شۇ نەزەرىيە ئاستىدا زىئونىزمنى (zionsim) پەيدا قىلغان ۋە بۇ ئىدېئولوگىيە ئاستىدا ئۇيۇشۇپ ئىسرائىلىيەگە قايتىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلار تۈرك قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى مىلادىدىن 2000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇنغا قەدەر يىلتىز تارتقانلىقى سۆزلىنىدۇ.[1] ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ شەرقتە يەنى ئورخۇن يېنىسەي دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغانلىرى مىلادىي 840 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ غەربكە كۆچكەن يەنى ھازىرقي شەرقىي تۈركىستاندىكى غەربىي ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا تۈرك قېرىنداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تۈرك قەبىلىسى سۈپىتىدە دۆلەت ۋە ئىمپېرىيەلەر قۇرۇپ ياشاپ كەلگەن.[2] پەقەت ئۇيغۇرلارغا ئائىت يېقىنقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا 1921 ـ يىلىغا كەلگەندە ستالىن بۆلۈپ كونترول قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ تۈركلەرنى چېچىۋېتىش ئۈچۈن ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئىسىملىرى بىلەن ئۇلارنى مەخسۇس مىللەتلەشتۈرگەنلىكى كۆرۈلسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۈركلۈكىدىن زادىلا ۋاز كەچمەي كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم تېررىتورىيەدە جەمئىيەت سىستېمىسىغا كىرىش ئۈچۈن مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى ئۇلارغا قەدىمدىن تەۋە بولغان، مۇستەملىكە ئاستىدا قالغان شەرقىي تۈركىستاننى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپ شەرقىي تۈركىستان مىللى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىكى ئىدېئولوگىيەسىدىن ئىبارەت.

ئەگەر ئۇيغۇرلاردا مىللەتچىلىك ياۋروپادىكىلەرگە ئوخشاش سانائەت ئىنقى ـ لابىنىڭ دۆلەتلىشىشىگە بولغان ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىپ مىللەتنى يەنى ئۇيغۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان دېيىش توغرا كەلسە ئۇ ھالدا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى يىلتىزىنى، ئۇيغۇرلاردا تەبىئىي پارتلىغان غەزەپ ـ نەپرەت،

(1) شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 30 ـ بەت
(2) شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 117 ـ بەت

قارشىلىق، ئادالەتنى ياقلاش ئىستىكى، ئېتىقادىي چۈشەنچىسى، كۇلتۇرى ۋە كىملىكىنى رەت قىلىشىمىزغا، ئۇلارنىڭ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىنكار قىلىشىمىزغا، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى تۇيۇقسىز ھېچنەرسىدىن ئوزۇقلانمىغان ھالدا دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن پارتلاپ چىققان بىر نەرسىدەك چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا مىللەتچىلىكنىڭ بىر مىللەتنىڭ تارىخىي جەريانىدىكى كۈرەش ئارقىلىق مىللەت سۈپىتىدە سىياسىي كۈچكە، ئۆز دۆلىتىگە ئېرىشىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولامدۇق؟ (ياق.) چۈنكى ئۇيغۇرلار يېقىنقى يىللاردا پەيدا بولۇپ قالغان بىر مىللەت ئەمەس ۋەياكى دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ قالغانمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر قەدىمىي مىللەت. ھەرقانداق مىللەتچىلىكتە بىر مىللەتنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى ۋە كۇلتۇرى ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ياشىغان مۇھىتىدا ئۇچرىغان تاجاۋۇزغا قارشى ئۇيۇشۇش ۋە ساقلىنىش، قۇتۇلۇش ۋە كۈچىيىش، غەلىبە قىلىشلارغا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ؛ ياكى گۈللەنگەن دەۋردىكى مىللەت ۋە ئىمپېرىيە سۈپىتىدە پەخىرلىنىش؛ قۇدرەت تېپىش سۈپىتىنى ئالغان سىلجىتىش ۋە گۈللىنىشكە بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ روھ، ھەممىسىلا ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەتتە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، مىللەتچىلىك روھىمىزنى تارىخىي يىلتىزىمىزدىن، پەخىرلىنىش تۇيغۇمىزدىن ئايرىپ قاراشقىمۇ، ھازىرقى زامان رېئاللىقىدىن، شەرت ـ شارائىتلىرىمىزدىن، دۆلەت قۇرۇش ئارزۇيىمىزدىن ئايرىپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، ئۆز ھوقۇقىنى قوغداش، ئۆز غۇرۇرىنى ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى يېتىلدۈرۈشنىڭ تۈرتكىسى بولۇپ، دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ھەرىكەت شەكلىگە ئۆتەلمىگەن، پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرىمۇ بارا ـ بارا كىملىك باسقۇچىدىن ئۆز كۈچىنى يوقاتقان بولاتتى.

1933 ـ يىلى ۋە 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۇيغۇر» دىن ئىبارەت ئېتنىك مىللەتچىلىككە ئەمەس، بەلكى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاقلىقنى غايە قىلغان سىۋىك (پۇقرا) مىللەتچىلىك (بۇ ئەركىن، لىبېرال مىللەتچىلىك دەپمۇ ئاتىلىدىغان

بولۇپ، ئوخشاش تېررىتورىيەدە ياشايدىغان بىردىن كۆپ مىللەتنىڭ بىرلىكتە دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى) ۋە دىنىي ئاساس قىلغان دىنىي مىللەتچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنىلا ئاساس قىلغان كۈرەش بولماستىن، بەلكى قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. 1990 ـ يىللىرى قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش غايىسى سۇسلاشتى. ھەتتا بۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى شەرتنامىسى (شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى)» گە قول قويۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئەركىنلىك ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتا رول ئويناشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىكى مىللەتچىلىك ئەسلىدىكى ئۇزۇن تارىخلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي مىللەتچىلىكنى داۋام قىلىش بىلەن بىرگە، ئېتنىك مىللەتچىلىك (كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ ئەركىنلىك ۋە دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى) تۈسىنى ئالغان مىللەتچىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بارىن ئىنقىلابى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى. گەرچە بارىن ئىنقىلابى ياۋروپادا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىدەك شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش، ئۇچۇر ـ ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى دېگەندەك تەسىرلەرگە ئۇچرىمىغان، دەل ئەكسىچە بىر يېزىدا پەيدا بولغان ئىنقىلاب بولسىمۇ، كۈچلۈك دىنىي تۈس ئالغان. شۇنداقلا ئېنىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، شۇ چاغدىكى خىتاي تارقاتقان بەزى ئىچكى ماتېرىياللارنى كۆرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى بارىن ئىنقىلابىنى باستۇرغاندا، بارىن قەھرىمانلىرىنىڭ يېنىدىن شەرقىي تۈركىستان دۆلەت گېربى، دۆلەت بايرىقى ۋە دۆلەت خەرىتىسى دېگەندەك نەرسىلەر چىققان. بارىن ئىنقىلابىنىڭ يول باشچىسى زەيدىن يۈسۈپ شۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا خىتاي ھۆكۈمىتىگە شەرت قويۇپ مۇنداق خەت يازىدۇ:

«بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا جىنايەت ھېساب ـ

لىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گۇناھسىز بوۋاقلارنى ئانا قارنىدا تۇرغۇزۇپلا ئۆلتۈرۈۋېتىشى، نېمە ئۈچۈن جىنايەت ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلماسلىقى كېرەككەن؟ شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى، ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ زېمىنىدا خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت بىر بېسىپ كىرىۋالغان ھۆكۈمەتكە باج تۆلەيدىكەن؟ بىز خىتاي ھۆكۈمىتىگە باج تۆلەشنى رەت قىلىمىز! خىتاي ھۆكۈمىتى باج - سېلىقنى، ئالۋان - ياساقنى، ھاشارنى توختاتسۇن! نوپۇسنى تىزگىنلەش باھانىسىدە ساناقسىز بوۋاقلىرىمىز ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۆلتۈرۈلمەكتە. ئەگەر نوپۇسنى تىزگىنلەش توغرا كەلسە، خىتاي ئىچكىرى ئۆلكىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ھەر يىلى مىليونلاپ توشۇۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنى توشۇشنى توختاتسۇن! بىز خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىمىز! خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ زېمىنىمىزدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىمىز! خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە، بىزنى قۇل قىلىش سى - ياستىگە جەڭ ئېلان قىلىمىز!»[1].

ئۇنىڭ بۇ خېتى تېررىتورىيىسى، مۇستەملىكىگە بولغان قارشىلىقى، مۇس - تەقىللىق ئارزۇسى، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، توغرىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى ئېنىق بولغان خەت بولۇپ، كۈچلۈك دىنىي ۋە مىللىي كىملىكنى ئاساس قىلغان ئېتنىك مىللەتچىلىك روھىنى نامايەن قىلىدۇ. بارىن ئىنقىلابى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىش ۋە دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ھەرىكەت شەكلىگە ئۆتمىدى. بارىن ئىنقىلابىدىن كېيىن، غۇلجا ۋەقەسى، ئۈرۈمچى ۋەقەسى قاتارلىق چوڭ قوزغىلىشلار ۋە نۇرغۇن يەككە ھالدىكى كىچىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بارىن ئىنقىلابىدەك مۇستەقىللىق ۋە دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى كۈچلۈك شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ئۇلار پەقەت ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى سۈپىتىدىكى باراۋەرلىك تەلەپ قىلىدىغان قارشىلىق شەكلىنى ئالغانلىقتىن، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى، يەنى دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرمەيدۇ.

(1) «زەيدىن يۈسۈپنىڭ خېتى»، شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزىدىن ئېلىندى.



ئۇيغۇرلار خاراكتېرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېس - تۇيغۇغا باي، ئىپادىلەشكە ماھىر سەنئەتكار خەلق بولغان بولسىمۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇستەملىكە كىشەنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىشىنى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئارقىلىق مىللەتنىڭ روھى ھالىتىنى تەھلىل قىلىپ، مىللەتنى يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى چۇشەپ قويدى. بىرىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كەڭ كۆلەملىك مائارىپ، ئىشلەپچىقىرىش، شەھەرلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشى، نەشرىياتچىلىق، ئۇچۇر - ئالاقە ۋە قاتناشنىڭ تەرەققىي قىلىشى دېگەندەك ئامىللارنىڭ، ياۋروپادا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى باش كۆتۈرگەن رومانتىزمنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى ۋە رومانتىزمدىن ئىلھاملانغان مىللەتچىلىك ئۇيغۇرلارغا يېتىپ كېلەلمىدى. ئۇيغۇرلار ياۋروپادىكى رومانتىزمدىن ئىلھام ئالغان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت رومانتىك مىللەتچىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. ھەتتا بەزى ئەدىبلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ تا ھازىرغىچە ئەركىنلىك تەرغىب قىلىدىغان بۇ ئېقىملاردىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا گەرچە لۇتپۇللا مۇتەللىپتەك ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلغۇچى شائىرلار، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ۋە زوردۇن سابىردەك يازغۇچىلار چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خەلقنى ئويغىتىش

ئۇچۇن خىزمەت قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ۋە رېئالىزمنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەركىنلىك ئىزدەش بولۇپ، ياۋروپا رومانتىزم ئېقىمىدىن مەيدانغا كەلگەن ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلمىغان.

تارىخىمىزغا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قېتىملىق دۆلەت قۇرۇش جەريانىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنى ئۇيۇشۇش ۋە قوزغىلىش ئوبيېكتى قىلغانلىقىنىڭ سىمۋول قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن كۈرەشلىرىنىڭ ھەممىسى نوقۇل ھالدىكى دىنىي مىللەتچىلىك دەپ كېسىپ ئېيتالامدۇق؟ رومانتىك مىللەتچىلىك ئامىللىرى ئۇيغۇرلاردا زادىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپمىغانمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردا ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىش، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە غەزەپ ـ نەپرەت تولۇپ تاشقان بولۇپ، رامكىلارنى، مۇستەملىكە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى پاچاقلاپ، مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى دېموكراتىك ھالدا ئىدارە قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك رومانتىك مىللەتچىلىكى، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ دىنىي مىللەتچىلىكى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل رومانتىك مىللەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ تېپىلىشى گەرچە، ياۋروپادىكى گۈللەنگەن رومانتىزم ۋە سانائەت ئىنقىلابى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئەمما بىرىنچىدىن ئىنتايىن تۇغما شەكىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىن ئۇزۇقلاندۇرۇلغان؛ ئىككىنچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تۈركىي مىللىتىگە ئائىت تارىخىي ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىككە تەرەققىي قىلىشىدىن ئوزۇقلاندۇرۇلغان (ئەلۋەتتە، دىنىي مەجبۇرىيەت ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، بىز بۇ يەردە پەقەت رومانتىك مىللەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا تېپىلىشى ھەققىدىلا توختىلىمىز).

مەسىلەن: ئۇيغۇر سەنئەتلىرىدىن دارۋاز ئويۇنىغا ئوخشاش ئۆلۈمگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان، باتۇرلۇقنى تەلەپ قىلىدىغان، ئات بەيگىسىگە ئوخشاش جەسۇرلۇق، ئەركەكلىك ۋە غۇرۇر تەلەپ قىلىدىغان ئويۇنلار، ساما ئۇسسۇلىغا ئوخشاش ئەركىنلىك، بوسۇپ چىقىش، كۈچ ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئۇسۇللىرىمىز، تاشۋاي مۇزىكىسىغا ئوخشاش ھەسرەت، مۇڭ ۋە قارشىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان مۇزىكىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە يوشۇرۇنغان ئەركىنلىك ئۈچۈن

پەيداكارلىق كۆرسىتىش ئىستەكلىرىنى نامايان قىلىدىغان بولۇپ، مودېرنىستلار ئوتتۇرىغا قويغان غەرب رومانتىزمىدىن پەرقلەنگەن ئۆزگىچە خاس ئۇيغۇر رومانتىزمىنى گەۋدىلەندۈرسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە ۋە دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ياكى دەل ئەكسىچە مىللەت پەيدا بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بولۇشىدىن ئىبارەت ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسىدە ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.



ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، كىشىنىڭ تارىخىدىن، ئېتىقادىدىن، مەدەنىيىتىدىن، ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىدىن، تىل ۋە ئۆزگىلا تەۋە بولغان زېمىنى بولغانلىقىدىن، شۇنداقلا ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرالىشىدىن ئىبارەت بۈيۈك قەھرىمانلىق روھىدىن پەخىرلىنىش بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىنسانىيەت تارىخىغا «ئون ئىككى مۇقام»، تۈركى تىللار دىۋانىدەك قىممەتلىك قامۇس، «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش دۆلەت باشقۇرۇش قانۇنلىرىنى ۋە يەنە بىز بۇ يەردە تىلغا ئالالمىغان نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەر بىلەن ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۆز تارىخىدا ئىمپېرىيە ۋە جۇمھۇرىيەتلەر قۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىدىغان، پەخىرلەندۈرىدىغان، ئۇنى ئۆز كىملىكىگە ۋە مەلۇم تېررىتورىيە سۆيگۈسىگە مەھكەم باغلايدىغان ئامىللار. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى

سىستېمىلىشىش، زېمىن ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ ياشاش جەريانىدا مەيدانغا كەلدى ۋە مىللەت شەكلىدە مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئۆزىنى نامايان قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى بىزدىكى مىللەتچىلىك تۇسىنى ئالغان ياكى ئالمىغان قوزغىلىشلارنىڭ ھەممىسىنى تېررورىزمغا باغلاشقا تىرىشتى. مەيلى غۇلجا ۋەقەسى، ياكى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدەك تىنچلىق بىلەن باراۋەرلىك تەلەپ قىلغان كوللېكتىپ ھەرىكەتلەر بولسۇن ياكى بارىن ئىنقىلابىدەك مىللەتچىلىك تۈسىگە ئىگە، خىتايغا شەرت قويغان قوراللىق قوزغىلاڭلار بولسۇن، ھەممىسىنى زوراۋانلىق تۈسىدىكى مىللەتچىلىك ياكى تېررورىزم دەپ تەرىپلەپ كەلدى. ھەتتا ئۇيغۇرلارنى مىللەتچىلىككە ئۇل سالىدىغان مىللىي كىملىكىدىنمۇ ئەندىشە قىلىدىغان قىلىۋەتتى. مەسىلەن: خىتاي مىللەتلەر گېزىتىنىڭ 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىدا، «كىملىكتىكى مىللىتى دېگەن تۈرنى بىكار قىلىش كېرەكمۇ؟» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە بېسىلغان بولۇپ، ماقالىدە 2012 ـ يىلى بەزىلەر كىملىكتىكى مىللىتى دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، رەت قىلىنغانلىقتىن بۇ تەلىپىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر ماقالىدە، بۇ ئۇقۇمنىڭ مىللىي ئايرىمچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خىتايدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كىملىكتىكى مىللىتى دېگەن يەرگە يېزىلغان ئۇيغۇر سۆزىنىڭ تېررورىزمنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ماشىنىغا ئالماسلىق، ئۇلارغا ياتاق بەرمەسلىك، ئۇلارنى نۇرغۇن جەھەتلەردە يەكلەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ھەتتا ئۇگاندادىكى خۇتۇ ۋە تۇتسىدىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ ئەسلى بىر مىللەت بولۇپ، ئىككىگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە قىرغىنچىلىق پەيدا بولغانلىقىنى مىسال قىلىپ ئۆتكەن.

يىغىنچاقلىغاندا، ئېغىر دەرىجىدىكى كەمسىتىش، كىملىكتىكى «ئۇيغۇر» ئىبارىسى تۈپەيلىدىن قاتتىق تەكشۈرۈلۈش، چەتكە قېقىلىش، ھەتتا سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىنىش، ئىز ـ دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلىش خەۋپىگە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلاردا، ئۇيغۇر كىملىكىدىن ۋاز كېچىش پىكىرلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدىمۇ قانداق؟

ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ بىر مىللەتنىڭ يوقىلىشىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ كىملىكتىكى

«ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىۋاتقان ئومۇمىي مىللىي كەمسىتىشنى ئازلىتىپ، ئۇلارنى خىتايدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرگىلى بولامدۇ؟ كىشىنى ئەندىشىلەندۈرىدىغان مۇمكىنچىلىك شۇكى، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئىسىمنى ئەڭ باشتا كىملىكتىن يوقىتىش، بارا ـ بارا جەمئىيەتتىن يوقىتىشقا ئېلىپ بېرىشتۇر. چۈنكى ئىسىم، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق سىمۋوللارنىڭ ھەممىسى شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، كىملىكسىز بۇ مىللەتتە پەخىرلىنىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، كىملىكنى مەنبە قىلغان ئەركىنلىككە ئىنتىلىشنىڭ ھەممىسى سۇسلىشىدۇ. ئۇ ئەنئەنىسىنى كىمگە ۋاكالىتەن ساقلايدۇ؟ مانا بۇنىڭدىن ئەگەر مىللەتچىلىك يوقالسا شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىم بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقى، ياكى كىمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئۇگاندادىكى خۇتۇ بىلەن تۇتسىلاردەك ئەسلى يىلتىزى بىر مىللەت ئەمەس، ئۇيغۇر كىملىكىنى ئۆچۈرۈۋېتىش ھەرگىزمۇ خىتاي بىلەن ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوق قىلالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ئىسمى ئۆچۈرۈلۈپ ئۇيغۇرلار «خىتايلىق» دەپ، ئومۇمىي خىتايلار بىلەن ئوخشاش ئاتالغان تەقدىردىمۇ، ئىرقىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇر كىملىكىنى كۆچۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك تولىمۇ ئاددىي ھالدا پەقەت ئۇيغۇر ئاتالغۇسىدىنلا ئىبارەت بولمىغانلىقتىن، يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، بىر مىللەتنىڭ ئىسمى خۇددى شۇ مىللەتنىڭ بايرىقىغا ئوخشاش سىمۋوللۇق نەرسە بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇپ توپلۇم شەكىللەندۈرۈشى بولۇپ، ئىسىمسىز بىر مىللەتكە مەنسۇپ شەخس ئۆزىنىڭ كىملىكى مەنسۇپ بولغان توپلۇمنى تېپىشتا قايمۇقىدۇ ۋە ئاخىرقى ھېسابتا يوقىتىپ قويىدۇ. نەتىجىدە، ئېتىقادىنى ساقلاپ قالالىغان تەقدىردىمۇ، تىلىنى قوغداپ قېلىشقا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىشى ۋە تىلىنىمۇ يوقىتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ھېسابلىمىسا، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. تىلنىڭ بىر مىللەتنىڭ مىللەتچىلىك روھىنى يېتىلدۈرۈشتىكى رولى، خۇددى باشقا تارىخىي مىراسلىرىغا

ئوخشاشلا مۇھىم. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىشتە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى كۈچەيتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، 1920 ـ يىللاردا ئۆتكەن ئىراقلىق گېنېرال ئەل ـ ھۇسرى، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى ئويغانغان ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئەڭ چوڭ رول ئوينىغان بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ ئانا تىلى تۈرك تىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەرەب تىلى بىلىمگەنلەرنى ئەرەب دەپ ئېتىراپ قىلماسلىقنى يولغا قويغان(1). ئەرەب مىللەتچىلىكى ئەنە شۇ ئەرەب تىلىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا كۈچىيىش بىلەن بىرگە، كىملىكىنى ئىنتايىن گەۋدىلىك ھالدا ساقلاپ قالىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى تارىختىن بىرى ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرغىچە، ھەرىكەتكە ئاساسەن نەزەرىيە تۇرغۇزۇپ باقمىدى، پەقەت نەزەرىيەگە ئاساسەن ھەرىكەت يۇرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلارغا يۇرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۆچمەنلىك ۋە ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ پۈتۈن ـ لەي يوقىتىۋېتىش سىياسەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى، سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزلىرى ئۇيغۇرلارغا يۇرگۈزگەن زوراۋان ھەرىكەتلىرىنىڭ قانداق ئەكس تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى داۋاملىق ھەر خىل باستۇرۇش نەزەرىيەلىرى ۋە مىللەت ھەققىدىكى نەزەرىيەلەرنى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۇرۇش بىلەن چەكلەنگەچكە ئۇيغۇر مەسىلىسىدە يېڭىلىق يارىتالمىدى ۋە ئۇنى ھەل قىلالمىدى. قارىغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى، گېرمانىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېرنىڭ بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتتىن پەرقلىنىشىدىكى نەزەرىيەلىرىگە ناھايىتىمۇ بەك ئەھمىيەت بەرگەندەك قىلاتتى. كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى رونالد بېنې ـ دىكتور، ئۆزىنىڭ «مىللەت مەسىلىسى: ئۇيغۇر ۋە تىبەت مەسىلىسىگە چارە بارمۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە ۋالكېر كونىنورنىڭ «ئېكو ياكى ئېتنىك مىللەتچىلىك: مىللەت ۋە ئىرق» دېگەن كىتابىدا نەقىل كەلتۇرۇلگەن ماكس ۋېبېرنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى يازىدۇ: «بىر مىللەت ناھايىتى قىسمەن ئەھۋالدا سىياسىي ۋە

(1) « مىللەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى: ئەرەب دۇنياسى، تۈركىيە ۋە ئىران »، كىندلە نۇسخىسى ( 173 ).
The Rise of Nationalisim: The Arab World, Turkey, Iran. kindle edition. Location 173

ئىقتىسادىي پەرق تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئادەتتە، پىسخولوگىيىلىك ئامىل يەنى بىر ـ بىرىگە مەنسۇپ بولۇش ـ بولماسلىق، ناھايىتى ئېنىق بولغان ھالدىكى ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىتالماسلىق ۋە ئوخشىماسلىقتىن ياكى پەرقلىق ھېس قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تۈيغۇدىن كېلىپ چىقىدۇ.»

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشىمۇ دەل مانا مۇشۇنداق نەزەرىيەلەردىن ئاساس ئالغان بولۇپ، ئۇلار، ئۇيغۇرلار بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆچمەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پەرقنى ۋە بۇ پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان توقۇنۇشنى شۇنداقلا توقۇنۇش ۋە قانلىق باستۇرۇشنىڭ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام ۋە مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىشكە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى زادىلا نەزەرگە ئالمىدى. مەسىلىنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەل قىلىشتىن قېچىپ كەلدى. ئۇلار، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوست، چىقىشقاق، كىچىك يات مىللىي خاراكتېرىنىڭ بارلىقىنى، ئەنە شۇنداق مىللىي خاراكتېرى ۋە ئىرقچىلىققا قارشى تۇرىدىغان ئىسلامى ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن ھېچقاچان باشقا مىللەتلەرنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرىدىغان ئېتنىك چەتكە قېقىش ئىدىيىسىنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزلىرىنى خىتايدىن پەرقلەندۈرىدىغان پىسخىك چېگرانىڭمۇ ئۆزلۈكىنى ساقلاشقا قارىتىلماي، بەلكى نەپرەت، سەسكىنىش تۇيىدە بولۇشنىڭ ئەسلى سەۋەبىنىڭمۇ خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياسىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھەممىدىن ياخشى ئەتقىق قىلغان تۇرۇپمۇ، ماكس ۋېبېر ئېيتقاندەك مىللەت سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان پەرقلەردىن، ئۇيغۇرلارنى كۈچلۈك ئېتنىك مىللەتچىلىككە ئىگە دەپ قاراپ كەلدى، ئەمما دەل ئەكسىچە، بۇ چۈشەنچىگە خىلاپ ھالدا زىت ھالدا، خىتايلاردىكى كۈچلۈك ۋە قاتمال ئەنئەنىۋى خىتايلىق پەرقىنى ئىلھاملاندۇرۇشقا كۈچىدى. نەتىجىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە، ئەقىلگە ئەمەس ھېسسىياتقا تايانغان خىتاي مىللەتچىلىكىنى كۈچەيتىۋەتتى. خىتاي ئىجتىمائىي تور ئالاقىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگىتىش ئىنكاسلىرى بۇنىڭغا يېتەرلىك مىسال بولالايدۇ. ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئاسسىمىلياتسىيە ئۇسۇللىرىنى زورلاۋاتلىق بىلەن قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، دۇنيادىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، تېررورىزم كارتىنى غەلىبىلىك ئويناپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ

چىگ-راسىنى ۋە تور دۇنياسىنى، قىل قىمىرلىسا تۇيغۇدەك دەرىجىدە كونترول قىلىنىۋالغىنىغا قارىماي، قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتسىز چېگرادىن قېچىشقا يول قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق قارا تەشكىلاتلارغا قېتىلىپ كېتىشى ئۈيۈنىنى ئوينىدى. خۇددى كىسەللىك ئاجىز بەدەنگە تېز يۇققاندەك ھېچقانداق باردىغان يېرى بولمىغان ياكى نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان ئۇيغۇرلاردىن باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى تولىمۇ ئاسان ئىدى. نەتىجىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قارشىلىقلىرىنى، پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىكى، شۇنداقلا سۈرىيە ۋە ئىراقتىكى جىھادىزمدىن ئىبارەت قارشىلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ، خۇددى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۇيغۇرنىڭ تەبىئىتىدە يوق نەرسىدەك، ئۇنى چوقۇم باشقىلاردىن مەدەت ئېلىپ ئۆگەنگەن بولۇشى كېرەكتەك، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ زۇلمى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ۋە ئەكسىچە دۇنياۋى دىن كۈرىشى ۋە دۇنيانى سۈمۈرگۈچىلەر بىلەن سۈمۈرۈلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور ئۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقاندەك، خۇددى خىتاي سۈمۈرگۈچى كۈچ زادىلا ئەمەستەك كۆرسىتىپ كېلىشكە تىرىشتى ۋە داۋاملىق تىرىشىۋاتىدۇ. غەرب ئاخباراتلىرى گەرچە ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان زۇلۇمنى ۋە بۇ زۇلۇمنىڭ قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تەشۋىقاتلىرىغا كۆپ نىسبەتتە ئورۇن بېرىپ كەلگەنلىكتىن، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى شارائىتىدا، دۇنياۋى ئۇرۇشلارنىڭ بىر قىسمى بولۇش مۇمكىنچىلىكى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بىخەتەرلىككە ئېرىشىشىنىڭمۇ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى تېخى باشقا ئەللەر تونۇپ يەتكىنى يوق. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ھەرقانداق بىر قارشىلىقىنى جىھادىزمنىڭ تەسىرى ياكى خۇددى كانادا كۈبەكتىكى فرانسۇزلار كانادادىن ئايرىلىپ چىقماقچى بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلار پەقەت خىتايغا ئوخشىمايدىغان ئايرىم مىللەت بولغاچقا خىتايدىن ئايرىلىپ چىقماقچى دەپ ئېتىنىك مىللەتچىلىك مەسىلىسى سۈپىتىدە قاراش ۋە زۇلۇمنىڭ قارشىلىق بىلەن بولغان ئوڭ تاناسىپ مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىكىنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ئۆزلىرىگە ئەزەلدىن بار بولغان دۆلىتىنى قايتۇرىۋېلىشتىن

ئىبارەت مىللىي مىللەتچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسلىك يەنىلا مەۋجۇت.

ئۇيغۇرلاردا مىللەتچىلىك چۈشەنچىمىزنىڭ يۈزەكى بولۇشى تۈپەيلىدىن، مىللەتچىلىك دېيىلگەندە بەزىلىرىمىز ئۆز مىللىتىنى باشقا ھەممە مىللەتتىن ئۈستۈن كۆرۈش، باشقا مىللەتنى كەمسىتىش دېگەن خاتا چۈشەنچىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈۋالىمىز ۋە ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئومۇمەن يوق بولۇشىغا قارىماي بۇ خىل ئەھۋالدىن قېچىشنى، پەخىرلىنىش تۇيغۇمىزدىنمۇ قېچىشقا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتەك قىسمەن ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يەردە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن، ئۆز مىللىتىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ ئۈستۈن كۆرۈش ئارقىلىق، باشقىلارنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، يەنى بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن تارىخى، ئېسىل خاراكتېرى، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى قاتارلىق قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس سۈپەتلىرى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىدىن پەخىرلىنىپ ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش؛ بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئىلھام ئېلىپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، باشقىلارنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ، بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى بىلەن ھاكاۋۇرلۇق تۇيغۇسىنىڭ پەرقىگە يەتمىگىنىگە ۋە ئارىلاشتۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشايدۇ. كونىلار ئېيتقاندەك، باشقىلارغا غادىيىپ ئۆزىنى ھەممىدىن ئېسىل ۋە ئۈستۈن كۆرۈش پەقەت بىر ئەخمەقنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى بولۇپ، بۇ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىك ئەمەس. ئۆزىگە ئىشىنىش، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە سېلىشتۇرماسلىق، يەنى باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەنمۇ كۆرمەسلىك، ئۈستۈنمۇ كۆرمەسلىكتۇر. خۇددى ئاجىز كىشىلەر باشقىلارنى كەمسىتىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى قۇسۇرلارنى ياپماقچى بولغىنىغا ئوخشاش، روھىي ۋە ئەخلاقىي نۇقتىدىن ئاجىز مىللەتلەرلا باشقا مىللەتنى كەمسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتمەكچى ياكى پۇت تىرەپ تۇرماقچى بولىدۇ. تارىخىي ئۇلى چىڭ، مەدەنىيىتى كۈچلۈك، پىسخولوگىيىسى ساغلام مىللەت ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇ شەكىلدە ئىپادە قىلىشىنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئىسلامدىكى ئۈممەتنىڭ بىرلىشىشىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا،

مىللەتچىلىك قىلىپ باشقا مىللەتنى كەمسىتمەسلىككە، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى، باشقىلار ئۈستىدىن كىبىرلىك قىلىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن خاتا چۈشەنچىلەرگە قارىتىلغان رەددىيە بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان مۇستەملىكىچى ياۋۇز مىللەتكە باش ئەگمەسلىك، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش روھىدىن ئىبارەت مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى كۆزدە تۇتمايدۇ. مۇبارەك ھايات كىتابىمىز «قۇرئان» نىڭ باشتىن ـ ئاخىر ھەق ـ ئادالەتنى تەرغىب قىلغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. مىللەتچى بولۇش ۋە مىللەتچىلەرنىڭ ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى تۇپەيلىدىن، ھەق ـ ئادالەت ۋە توغرا ئۇچۇن كۈرەش قىلىش نىشانى «قۇرئان» دىكى ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ھالدا مىللەتچىلىكنى ئۈممەتچىلىك بىلەن توقۇنۇشتۇرۇش ھەر ئىككى يۆنىلىشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

ئالدىنقى قىسىمدا نىېرۋاشۇناس داۋىد ئەنگلېمەننىڭ كۆز قاراشلىرىنى مىسال قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پىسخولوگىيە ئالىملىرى ھەر بىر مىللەتنىڭ مېڭىسىدىكى ئاڭ ئېقىمىنىڭ، زېھنى كۈچىنىڭ يېتىلىشىنىڭ، مىللەتنىڭ ياشىغان مۇھىتى، تارىخى، تېررىتورىيىسى، دىنىي ئەقىدىسى ۋە مىللىي خاراكتېرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭىنىڭ يېتىلىشىمۇ ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى، ياشىغان مۇھىتى ۋە مىللىي خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قايسى خىل مىللەتچىلىك ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلانغان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

# بىزدىكى غايىنىڭ دۈشمىنى - مەسئۇلىيەتسىزلىك

**ئۆزىڭىزگە مەسئۇلىيەتچان بولۇڭ. سىز بەلكىم پەسىللەرنى، شامالLARنى ئۆزگەرتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز.**

**ـ جىم روخن**

ھەر بىر ئۇيغۇر، ھەتتا ئەڭ ئۈمىدسىز بىر ئۇيغۇرنىڭمۇ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە، «مۇستەقىل بىر ۋەتىنىم بولغان بولسىچۇ!» دېگەننى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. خىتاينىڭ قىزىل پاسپورتىنى ئەمەس، كۆك رەڭلىك شەرقىي تۈركىستان پاسپورتىنى شەرەپ بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى كىممۇ خالىمىسۇن؟ ۋەتەن ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ پارلامېنت بىنالىرىدا يۈرۈشنى، ۋەتىنىمىزنى قوغدىيالايدىغان باتۇر، كۈچلۈك ئارمىيىمىز، ئادىل دېموكراتىك سوت، تەرەققىي قىلغان ھەقسىز مائارىپىمىز ۋە سەھىيە، پۈتۈن دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەن ئەركىن بازار تۈزۈمى، ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ئەزان ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك مۇسۇلمان دۆلىتىمىز بولۇشىنى كىممۇ ئارزۇ قىلمىسۇن؟

«مەن شەرقىي تۈركىستانلىق، ئۆز تۇپرىقىمدا، تۇغۇلغان يېرىمدە ياشىيالايمەن، قورقماي ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقۇقۇم بار، ئۆزەم توغرا دەپ تاللىغان يولدا مېڭىش ۋە خاتا دەپ قارىغان ئىشلارغا، ھەقسىزلىققا قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكىم بار. ھەمدە دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلارنى تاللاپ سايلاش ۋە ئۇلارغا بىلەت تاشلاش ھوقۇقۇم بار» دېيىشنى كىممۇ خالىمىسۇن؟ مانا بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بولۇپ، بۇنداق ئارزۇنىڭ مىللەتنىڭ ھەر بىر پۇشتىدا بولۇشى ناتايىن. ئەمما بىز

ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان، بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلۇشنى خالايدىغان، ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل بىرى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان بىرى بولساق، ئۇ ھالدا بۇ ئارزۇ چوقۇم بىزدە بار. گەرچە ئۇ ھەرىكەت باسقۇچىنى ئالالمىغان، مىللەتچىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلالمىغان تەقدىردىمۇ بۇ ئارزۇ بىزدە بار.

دۇنيادىكى قۇللۇق تۈزۈمدىن قۇتۇلغانلار، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلەرنىڭ ھەممىسى، قانداقتۇر ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدەك تاشقى ئامىل ۋە دۇنيا سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن ياكى بىر كېچىدە ئۇخلاپ قوپسا تەقدىرى ئۆزگىرىپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئەڭ دەسلەپتە يۈرىكىگە ئەركىنلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىر ئارزۇنى تىكلىگەنلىكى، ئىشق ئوتىنى ياققانلىقى ئۈچۈن ئېرىشكەن.

«قۇرئان» دا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە توختالغان بەقەرە سۈرىسىنىڭ 3 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«تەقۋادارلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغانلىرىمىزنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ».

بىز ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنالىدۇقمۇ؟ ئاللاھنىڭ رازىلىقى يولىدا ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن ئىشلىتەلىدىمۇ؟ قىسقىسى ھەر بىر شەخس ئۆزىمىزدىكى ئەۋزەللىك ۋە بايلىقنى بايقىيالامدۇ؟ تېپىپ چىقالىدۇقمۇ؟ (بۇ نۇقتىدىكى بايلىق پەقەت پۇل، مال ـ دۇنيالا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن بارلىق بايلىقلىرىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، پەقەت پۇل ـ ماللىرىمىزدىن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن زاكات بېرىشنىلا ئەمەس، بەلكى بىز ئىگە بولغان ئىنسانىيەتكە مەنپەئىتى تېگىدىغان ھەممە نەرسىدىن زاكات بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بەدىنىمىزدىكى ھەر بىر ئەزامۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتى بولۇپ، ئۇنى توغرا يولدا ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىكنىڭ ئىسراپچىلىق، يامان ئىشلارغا ئىشلىتىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئاددىي بىر دىنىي ساۋات).

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ چوقۇم باشقىلاردەك ياكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان كىچىككىنە بىر ئىشنى قىلالىشىڭىزغا ئىشەنسىڭىز ۋە بۇ ئىشەنچنى بىز يۈقىرىدا

تەكىتلىگەن ئۇلۇغۋار ئارزۇغا باغلىيالىسىڭىز، شۇنداقلا ئاللاھ سىزگە بەرگەن بايلىقنى بۇ ئارزۇ ئۈچۈن ئىشلىتەلىسىڭىز ئۇنداقتا سىز بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەدەم باسالايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەردىن قۇتۇلۇش كېرەك؟

## 1. ئاغرىنىش كېسىلى

فىرانسىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ روسسو (Jean-Jacques Rousseau): «ياخشى ئادەم تېگىدىنلا تەبىئىي بولىدۇ، جەمئىيەتتە ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق، باراۋەرلىك، كۆيۈنۈش، مېھرى - شەپقەت ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەت ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ» دەپ قارىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بىر كىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىگە ۋە ياكى ئەخلاقىغا باھا بېرىشتىكى پىرىنسىپى بولغان.

ئۇيغۇرلاردىمۇ كىشىلەرگە تەبىئىتىگە قاراپ باھا بېرىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن: بىزدە ناچار ئادەملەرگە «قېنى بۇزۇق»، «تۇخۇمى ياخشى ئەمەس»؛ ئېسىل ئادەملەرگە «خېمىرتۇرۇچى ياخشى»، « تېگى ياخشى كىشىلەر» دەپ باھا بېرىمىز.

ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان، باشقىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان، مېھرى - شەپقەت تۇيغۇسى كۈچلۈك مىللەت بولۇپ، ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە مىللىتىنى قەدىرلەيدىغان، تەبىئەت ۋە جانلىقلارنى ئاسرايدىغان، قەلبى دەريادەك كەڭ، ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى ساقلاشقا تىرىشىپ كەلدى. ئۇنداقتا ياخشى ئىنسان بولۇپ ياشاش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش قانداق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؟ بۇ بىر تەرەپتىن ياراتقۇچىغا قىلىدىغان ئىبادىتىمىزنىڭ تەقەززاسىدىن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆز خەلقىگە، تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ۋە شۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتىن تۇغۇلىدۇ. ئۇنداقتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قانداق يېتىلدۈرۈلىدۇ؟

جەمئىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئورتاق قارىشىچە ئۆز ئىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئۈستىگە ئالالايدىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەر كۆپىنچە مۇنداق ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان كىشىلەردىن بولىدىكەن:

بىرىنچىسى، ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا مەغلۇپ بولغاندا، مەسئۇلىيەتنى باشقىلاردىن ئەمەس ئۆزىدىن ئىزدەشكە تىرىشىدۇ. باشقىلاردىن ئاغرىنىدىغان مىجەز ئۇلاردا ئەسلا

بولمايدۇ، ئاغرىنىشقا كېتىدىغان ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيەنى ئۇسۇل - چارە ئىزدەشكە ئىشلىتىدۇ. ئىككىنچىسى ئۇلاردا پەرۋاسىزلىق يوق.

مەن يېقىندا، ياۋروپادا بىر ئۆمۈر شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايرىقىنى كۆتۈرگەن ۋەتەنپەرۋەر بىر ئۇيغۇر زاتنىڭ جىنازا نامىزىغا، «خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قورقىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئاران ئون نەچچە ئادەم قاتناشقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا ئىنتايىن ئازابلاندىم. كىشىلەرنىڭ: «رەھمەتلىك ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر ئىدى، لېكىن بۇنداقلارنىڭ قەدرى بولمايدۇ. بىر ئۆمۈر مۇساپىرلىقتا ئۆتكىنىنىڭ ئۈستىگە جىنازا نامىزىغىمۇ تۈزۈك ئادەم كەلمىدى. ئۇيغۇر زادى پىداكارلارنىڭ قەدرىنى قىلىشنى بىلمەيدۇ» دېگەن چۈشكۈن ئىنكاسلىرىنى ئاڭلىدىم. ئەگەر بۇ ۋەتەنپەرۋەر زاتنىڭ روھى بىز ئاڭلىغان ئىنكاسلاردەك ئويلىمىغان بولسىچۇ؟ بەلكىم ئۇ «مەن ئاللاھنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئالدىدا قولۇمدىن كېلىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلدىم. ۋەتەننى سۆيۈش روھىدىن ئىبارەت گۈزەل ئەنئەنىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتتىم، بۇ بەلكىم مېنى جەننەتكە ئېلىپ ماڭىدىغان ساۋابلارنىڭ بىرى. مەن بەربىر يالغۇز كېتىمەن. جىنازا نامىزىمغا ئادەم كېلىش - كەلمەسلىكى مۇھىم ئەمەس، ئۇلار مەن بىلەن بەربىر ئۇ دۇنياغا بىللە كېتەلمەيدۇ» دەپ ئويلاۋاتقان؛ جىنازا نامىزىغا كىشىلەرنىڭ كەلمىگىنى ئۈچۈن ھېچ ئازابلانمىغان، باشقىلاردىن ھەرگىزمۇ ئاغرىنمىغان، روھى ئىنتايىن خاتىرجەم ياتقاندۇ، بەلكىم.



يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ مىللىتى ئۇچۇن ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن تۆھپە كۆرسەتكەندىن كېيىن، مىللەت مېنى كۆتۈرۈپ ئەزىزلىشى، مەشھۇر قىلىشى كېرەك ئىدى، بۇ مىللەت ئەجرىمنى كۆرمىدى، دەپ ۋايسىغانلىقىنىمۇ كۆردۇم، گەرچە بۇلار ئىنتايىن ئاز سانلىق بولسىمۇ.

بىز نېمىشقا خەلق بىزنى سۆيۈپ كۆككە كۆتۈرگەندە نەتىجىلىرىمىزنىڭ ھەممىنى ئۆزىمىزدىن كۆرىمىز ۋە ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىمىز؟ بىز شۇنچە بەدەل تۆلىسەكمۇ خەلق قەدرىمىزنى قىلمىغاندا، نېمە ئۇچۇن پۈتۈنلەي باشقىلاردىن ئاغرىنىمىز؟ باشقىلار ماڭا رەھمەت ئېيتمىدى، قىلغان ئىشىمنىڭ قەدرىنى بىلمىدى دەپ، ھەتتا قىلىۋاتقان ئىشىمىزدىن ۋاز كېچىمىز؟ نەتىجىدە قىلىۋاتقان ئىشىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزگە، ۋەتەن ئالدىدىكى ۋىجدانىڭىزغا مەسئۇل بولۇش ئۇچۇنغۇ؟ نېمە ئۇچۇن باشقىلاردىن مەسئۇلىيەت سورۇشتۇرىمىز؟ نېمە ئۇچۇن ئۇن - تىنسىز شەھىد بولغان، ھەتتا بىز ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان مۇجاھىدلىرىمىزدىكى روھ بىزدە يوق؟

يەنە، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئاغرىنىپ «ئۆتمۈشتىكى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىۋەتتى»، «خائىنلىق قىلدى»، «ھوقۇق تالاشتى»، «ئاخىرىدا ۋەتەننى قولدىن بېرىۋەتتى» دېگەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى كۆردۇم. ئۆتمۈش پەقەت ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن كېرەك، ئەمما ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان شەخسىي مەسئۇلىيىتىڭىزنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈپ بېرىدىغان مەجبۇرىيىتى يوق.

يەنە، ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن نومۇس قىلىپ ئۆزىنى ئۇيغۇر دېيىشنى خالى - مايدىغان، زارلىنىپ: «ئەجەبمۇ بىچارە، ۋەتەنسىز كىچىك مىللەتتىن تۇغۇلۇپ قاپتىمەن» دەيدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى كۆردۇم. سىز ۋەتەنسىزمۇ؟ ياق! ۋەتىنىڭىز بار ئىدى ۋە بولغان ئىدى، ئۇنى باشقىلار تارتىۋالدى. ئۇنى «ۋەتىنىم بار ئىدى، ئىسمى شەرقىي تۈركىستان ئىدى، خىتاي بېسىۋالغان!» دېيىشنىمۇ خالىمىسىڭىز، ۋەتىنىڭىزنى ھېچكىم بىلمەيدىغان، ھېچكىمنىڭ ئاغزىدا تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان قىلىۋېتىپ بارغان دەل ئۆزىڭىز ئەمەسمۇ؟ بىز ئالدى بىلەن ۋەتىنىمىزنى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمىنى قوبۇل قىلغاندا، ئاندىن باشقىلار قوبۇل قىلىدۇ. ۋەتىنىمىز بېسىۋېلىنغان دەپ نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر بىز ئەمەس، بەلكى ئۇنى بېسىۋالغۇچى تاجاۋۇزچى خىتاي

ھۆكۈمەتى بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق بىر جىنايەت! ئۇنداقتا بىز ئەمەس، ئەكسىچە جىنايەتچى نومۇس قىلىشى كېرەك. چۈنكى بىز گۇناھكار ئەمەس، جىنايەتچى گۇناھكار. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئاجىزلىقى ياكى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىمىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىكى تەلەيسىزلىكلەر بىزنىڭ خاتالىقىمىز ئەمەس. ئادەتتە ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدىن نومۇس قىلىش پىسخىكىسى ئۇزۇن مۇددەت باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ ياشىغان بىر مىللەتتە ناھايىتى كوپ كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ شۇ مىللەت كىشىسى ئۇچرىغان كەمسىتىلىشنى ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى يەنى ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلىپ سىڭدۈرۈۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بۇ خىل پىسخىكىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟

**1) ئۆز ئۆزىنى ياخشى چۈشىنىش**

ئەگەر سىز مىللىي كىملىكىڭىزنى كۆرسىتىۋاتقىنىڭىز ۋە بۇ سەۋەبتىن مىللىي كىملىكىڭىزنى يوشۇرۇش ياكى قېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولسىڭىز، بەلكى ئۆز مىللەت ھەققىدە ئۆگىنىشنىمۇ خالىماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەمما كىملىكىمىزدىن قاچقىنىڭىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزدىن قېچىش بولىدىغانلىقتىن، ئىنساننىڭ ئۆزىدىن قېچىشى ئۇنى يوقلۇققا، ئاجىزلىققا چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدىغان بەكمۇ خەتەرلىك روھى ھالەت. شۇڭا قېچىشنى ئەمەس يۈزلىنىشنى تاللاش سىزنى بۇ قورقۇنچتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىردىنبىر يول بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغانلىقتىن، سىز بۇ مىللەتنىڭ دەۋران سۈرگەن تارىخىنى باشقا مىللەتلەردىن قالغۇچىلىكى يوق مەدەنىيەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈڭ. خىتايلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش زوراۋانلىق، تاجاۋۇزچىلىق، ئوغرىلىق بىلەن كۈچەيگەن نۇرغۇن كۈچلۈك مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن پەخىرلەنگىنى بىلەن، بىزنىڭ بۇنداق ياۋۇزلۇقتىن سەسكىنىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىمىزنىڭ ئۆزىلا بىز پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئېسىل بىر روھ.

**2) ئۆزگىچە كۈچ يارىتىش**

سىز ئالدى بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزغا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە ۋەكىللىك قىلىسىز. مەيلى سىز دۆلىتىڭىز بولمىغانلىقىدىن، باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك تېپىلىۋاتقان بىر مىللەت بولۇپ قالغىنىڭىزدىن قانچىلىك نومۇس قىلىڭ ياكى قىلماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا يورۇتۇپ بېرىدىغان گۈزەل ئوبرازى، شەخسىيىتى ۋە تەسىرى ئارقىلىق ئۆزگىچىلىكىڭىزنى جانلاندۇرالىسىڭىز باشقىلار سىز ئارقىلىق بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلەيدۇ ۋە سىز ھۆرمەت قىلىشتىن قاچقان ئاشۇ مىللەتكە چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشىنىمەنكى سىز چوقۇم ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغىنىڭىزدىن پەخىرلىنىسىز.

**3 ) ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەرنى سۆيۈشنى، قەدىرلەشنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆگىنىش**

بىز دۆلىتى يوق، ئاجىز مىللەت قاتارىدا سانىلىۋاتىمىز، بۇ رېئاللىقنى ئىنكار قىلمايمەن. ئەمما بۇ دېگەنلىك ھېچنىمىسى يوق، ئەڭ قالاق، ئەڭ تۆۋەن مىللەت دېگەنلىك ئەمەس. بىزدە باشقىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەر، ئەڭ مۇھىمى ئىمان بار. بۇلاردىن پەخىرلىنىشنى سۆيۈشنى ئۆگىنىش، بىلىش، روھىمىزغا كۆتۈرەڭگۈلۈك ئېلىپ كېلىپلا قالماي بىزنى كەم بولۇپ يارالغىنىمىزغا مىڭلارچە شۈكۈر قىلدۇرىدۇ.

**4 ) ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇش**

دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە مۇتلەق بولمايدۇ، ھەممە نەرسە داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ ئورنىغا ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلىۋاتقان شارائىتنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. ھېچنىمىسى يوق بولسىمۇ ھاياتقا مەغرۇر مۇئامىلە قىلالايدىغان قەيسەر ۋە سۆيۈملۈك ئىنسانلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. مەن ئائىلىسى پارام پارچە بولۇپ كەتكەن، خىتاينىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقان نۇرغۇن ئۇيغۇرلىرىمىزنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ: «بىز نېمىدېگەن قارغىش تەگكەن مىللەت!» دەپ ۋايساشنىڭ ئورنىغا «بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويغان خىتايدىن ھامان بىر كۈنى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن

ياشايمەن! تىرىشىمەن كۈچلىنىمەن..» دېگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە كۆزلىرىمدىن ياشلار تۆكۈلدى. ئۇلارنى قۇچاقلاپ بىز ئۇيغۇرلار نېمىدېگەن ئۇلۇغ مىللەت دېگۈم كەلدى. ھازىر تايلاند تۈرمىسىدە ياشاۋاتقان ئۆزەم بىۋاستە پاراڭلاشقان بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈمىدسىزلىككە جەڭ ئېلان قىلىشى ۋە ئۆزىدىن پەخىرلىنىشىمۇ، مېنى ئۆزەمنىڭ بەزى چاغلاردىكى ئۈمىدسىز ھالىدىن نومۇس قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. قىيىن ـ قىستاقلار ئىچىدە ئۆزىگىمىزنىڭ قاچان قويۇپ بېرىلىشىنى بىلمەي ياشاشقا مەجبۇر بولۇشتىن، ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىگە نېمە بولىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەي ياشاشتىنمۇ مەنىسىز ھايات بولمىسا كېرەك.

دەل شۇنداق بولغاچقا تۈرمە ھاياتى ئۈمىدنىڭ ئۈزۈلۈشىنى، ئىنساننىڭ ھايات ئۈچۈن مەنە ئىزدەشتىكى بارلىق سەۋەبلىرىنىڭ كېسىلىشىنى، ئىنساننى ئۆلۈمنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدىغان قاراڭغۇلۇققا ئىتتىرىشنى پەيدا قىلىدىغان بىر ھايات. مەن تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان قېرىنداشلىرىمىنىڭ «بىز ھامان قۇتۇلىمىز. مەن چوقۇم بەرداشلىق بېرىپ ياشىشىم كېرەككى چوقۇم زالىم خىتاينىڭ ۋەيران بولغان ئاقىۋىتىنى كۆرۈشۈم كېرەك، ئاندىن نېمە بولسام مەيلى» دېيىشلىرىدىن تۈرمە ھاياتى مەيلى قانچىلىك ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كەلمىسۇن ھەرقانداق ئۈمىدسىزلىككە بېرىلىدىغان جاۋابنىڭ يەنىلا ئىنسان ئۆزى تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بىز ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلغاندا ۋايساشتىن، ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرۈشتىنمۇ قۇتۇلىمىز، ئەنە شۇ ئۈمىدۋار كىشىلىرىمىزدەك سۆيۈملۈك ۋە مەغرۇر ياشىيالايمىز. دۇنيا بۇنداق ئىنسانلارنى ھۆرمەت قىلماي كىمنىمۇ ھۆرمەت قىلسۇن؟

**5 ) قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇش**

ياشاشتىكى مەقسەت ۋە پىرىنسىپىمىز ئېنىق بولمىغاندا ئاسانلا ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىمىز. ئوخشاشلا مىللىي كىملىكىمىز، مىللىي تەقدىرىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىزدىن ئىبارەت بارلىق چۈشەنچىلەر بىلەن شەخسىيىتىمىزنى باغلىيالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئادالەت تۇيغۇمىزنى يوقىتىمىز ـ دە، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي پىرىنسىپلىرىدىن بىرى بولغان

ئادالەتنىڭ تەرىپىنى تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىغان ھالغا كېلىمىز. ئېزىلىۋاتقان خەلقلەر ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرالمايدىغان كىشىلەر دەل ئەنە شۇنداق كىشىلەر بولۇپ، قىممەت قاراشلىرى ئېنىق بولمىغانلىقتىن روھىي جەھەتتە ئاسانلا چۈشكۈنلىشىدۇ ۋە بۇ چۈشكۈنلىشىشنى مىللىتىدىن، ئۆزى مەنسۇپ بولغان بارلىق نەرسىلەردىن ۋايساش ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا تىرىشىدۇ.

ئاغرىنىشنىڭ ئۈستىگە يەنە نۇرغۇنلىرىمىز ئۈمىدسىز ھالغا چۈشتۇق، خىتايغا قارشى تۇرۇشتا تەۋرەنمەسلىك ئايغى چىقمايدىغان بىر يولمۇ؟ بىز خاتا قىلىۋاتامدۇق؟ دەپ ئويلىساق؛ يەنە نۇرغۇنلىرىمىز بىز خىتايغا قارشى چىققانلىقىمىز ئۈچۈن خىتاي بىزنى باستۇرۇۋاتىدۇ، قارشى چىقمىغان بولساق، خىتاي بىزنى بۇ قەدەر ئېغىر باستۇرمىغان، ئۇلار بىلەن كېلىشىپ ياخشى ئۆتكەن، كۆپ قان تۆكۈلمىگەن بولاتتى دەپ ئويلىدۇق. قارشىلىقلارنى ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ زۇلمى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق. ھەر بىر قارشىلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ غۇرۇرى ئۈچۈن قېنى بىلەن بەدەل تۆلىگەنلىكىنى، ئۆيلىرى ئاختۇرۇلغاندا، باللىرى ئۇرۇپ دەسسەلگەندە، ئۆي - ماكانلىرى تارتىپ ئېلىنغاندا، دىنىي ئېتىقادى چەكلەنگەندە سۈكۈت قىلىشنىڭ ئورنىغا دەس تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ساراڭلىق، سۈكۈت قىلساق خىتاي بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى دېيىش ئارقىلىق مىللىي روھ، ئەڭ ئاددىي ئىنسانلىق غۇرۇرىمىزنى پەقەتلا جىسمانىي جەھەتتىكى ساقلىنىپ قېلىشقا تېگىشىۋەتتۇق.

بىزنىڭ مېڭىمىز پۈتۈن ياكى يېرىم ھالدا يۇيۇلغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ مېڭىسىنى مەلۇم دەرىجىدە قايتا پروگراممىلاش مەقسىتىگە يەتتى. بۇ خىل چۈشەنچىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالمىشىش پەيدا قىلىپ ۋەتەن سىرتىغا يەرلەشكەن، زېھنى ئەركىنلىكى چەكلەشكە ئۇچرىمىغان ئۇيغۇرلاردىمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقى، مېڭىنىڭ يۇيۇلۇشى ۋە قايتا پروگراممىلىشىدىن كېيىن مېڭىنىڭ يېڭى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئىنتايىن ئاستا بولۇشى ياكى يېڭى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى جاھىللىق بىلەن چەتكە قېقىشىدا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ ئاساسەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ مېڭىسى

پروگراممىلاشتۇرۇلغان شەخسنىڭ ئۆتمۈش بىلەن رېئاللىقنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش ىقتىدارى كەمچىلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئالمىشىش ئارقىلىق يېڭى مۇھىتقا ئېرىشكەن بارلىق چەكلىمىلەردىن ۋە بېسىملاردىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېڭىسى بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ، روھىي دۇنياسى داۋاملىق بېسىم ھالىتىدە ياشايدۇ، مېڭىسىدە ساقلىنىپ قالغان ئۆتمۈش داۋاملىق ئۇنىڭ چۈشلىرىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ئوي - پىكرى مۇجمەللىشىپ كەتكەنلىكتىن كاللىسىغا سىڭدۈرگەن نەرسىلەرنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىشتىن قورقىدۇ ياكى قارشىسىدىن چىقىپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئەگەر سىز ۋەتەنگە يېتىشتىن ئىبارەت بىر نىشان ۋە ئارزۇنى تۇرغۇزسىڭىز، بۇ ئارزۇغا يېتىشتىكى بىرىنچى ئامىل ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى 100% تونۇش! بۇ، خۇددى شەخسنىڭ ئىسسىق ئۆي، خاتىرجەم ئائىلە، باياشات تۇرمۇش ياكى ھاياتتا ئۇنى قانائەتلەندۈرىدىغان ھەرقانداق ماددىي نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغىنىدەك ئىنتايىن ئەقەللىي ۋە ئاددىي بىر ئۇقۇم. ئاشۇ گۈزەل غايە ئۈچۈن، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالماسلىقى ئۇنىڭ ئۆز ئۆزىگە سەمىمىي بولمىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خۇددى «چوقۇم ئورۇقلىشىم كېرەك» دەپ ئارزۇ قىلغان كىشىنىڭ، يەنىلا ئۆزىگە سەمىمىي بولالماي ئوغرىلىقچە كۆپ تاماق يەۋالغاندەك؛ ئۇنىۋېرسىتېتنى ئوقۇۋېتىپ كۆڭۈل ئېچىش كۈنلىرىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن دەرسلەرگە چىقماي، مەكتەپتىن ھەيدەلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە سەمىمىي بولالمىغىنىدەك بىر ئىش. ئەگەر سىز مەسئۇلىيەتچان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزگە ۋە باشقىلارغا ئىگە چىقالايسىز، ياردەم قىلالايسىز، ئۆزىڭىزنى ۋە باشقىلارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشالايسىز، مەغلۇبىيەتتە باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ياكى ئۆزىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى باھانە قىلىۋالمايسىز. ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدا 100 پىرسەنت مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئالالىغاندا، ئۆزىڭىزنى سوراقتا تارتىلغاندا كېلەچىكىڭىزنىڭ ئاللاھتىن قالسا پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئاغرىنىش ئىللىتىدىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك!

- بىز ئۇيغۇرلار داۋاملىق تەلەيسىز. يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ.

- بىزدەك ئاجىز مىللەت مۇشۇنداق كەچكىچە ئويۇنچۇق بولىمىزكەن.

- خىتاي مۇنداق قىلمىغان بولسا، بىز مۇنداق بولاتتۇق، ئۇنداق بولاتتۇق.

- خىتاي ھازىر ھەممە ئۇيغۇرنى سېتىۋالايدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقايسىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

- بىز بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىمىز، ئۇيغۇر دېگەن بىر - بىرىنىڭ پۇتىدىن تارتىپ ئالدىغا ماڭدۇرمايدىغان مىللەت.

- ئۇيغۇر دېگەن ئېزىلىپ كەتكەن خەق، قانچە كۆچىسەكمۇ بىكار...

دېگەندەك جۈملىلەرنى كاللىمىزدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىمىزگە مۇنداق سوئاللارنى قويۇپ بېقىڭ:

مەن نېمە ئىشلارنى قىلغان ئىدىم؟ قىلغان ئىشلىرىم قايسى - قايسىلار؟

بۇ ئىشلارنى قىلماقچى بولغاندا نېمىلەرنى ئويلىغان ئىدىم؟

بۇ ئىشلارنى قىلىشنى باشلىغىنىمدا نېمىلەرگە ئىشەنگەن ئىدىم؟

مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن قانداق ئوخشىمىغان يولنى تۇتۇش مۇمكىنچىلىكىم بار ئىدى؟

مەن نېمە ئۈچۈن ۋاز كەچتىم؟

ۋاز كېچىشىمگە سەۋەب بولغان ئىشلار قايسىلار؟

ۋاز كېچىش جەريانىدا نېمىلەرنىڭ، كىمنىڭ، قايسى ئورۇننىڭ قانداق شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم؟

ئەگەر مەن بۇ تەسىرلەرگە ئۇچرىمىغان بولسام ۋاز كېچەتتىممۇ؟

ۋاز كېچىش جەريانىدا ماڭغان يولۇمنى خاتا دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن ۋاز كەچتىممۇ؟ ياكى باشقىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ياردەمچىسىز قالغىنىم ئۈچۈنمۇ؟

ماڭغان يولۇمنى خاتا دەپ قاراشقا نېمىلەر ئىسپات ياكى سەۋەب بولدى؟

مېنى پۇشايمان قىلىشقا مەجبۇر قىلغان پاكىت ۋە سەۋەبلەرنىڭ قايىل قىلارلىق تەرىپىنى ئۆزەمدىن باشقا قايسى مەنبەلەر ئىسپاتلايدۇ؟

بۇ سەۋەبلەرنىڭ كۈچسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا مەنبە، ئورۇن، كۈچ ياكى سەۋەب بارمۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

نېمىلەرنى تۈزىتىشىم كېرەك؟

ئەگەر مەن ھېچنېمە قىلمىغان بولسام، مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشتىن باشلىشىم كېرەك؟

ئەلۋەتتە سىز چوقۇم ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرىشنى پىلانلىغاندا، بۇ ئىشلارنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى، نېمىلەرگە ئېرىشىدىغان، نېمىلەرنى يوقىتىدىغانلىقىڭىزنى چوقۇم ئويلايسىز. سىز بەلكىم ئامېرىكىنىڭ «تۈرمىدىن قېچىش» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆردىڭىز. كۆرمىگەن بولسىڭىز بىر كۆرۈپ بېقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. فىلىمدىكى باش قەھرىمان مايكېلنىڭ قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ئامېرىكا تۈرمىسىدىن قېچىشتا غەلىبە قىلىشىغا نېمىلەر سەۋەب بولدى؟ فىلىمنىڭ باشلىنىشىدا، ئاكىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۈرمىگە كىرگەن مايكېل ئاكىسىنىڭ ئۈمىدسىز چىرايىغا قاراپ: «ئازراق ئەقىدەڭ، يەنى ئىشەنچ ۋە ئېتىقادىڭ بولسۇن» دەيدۇ. ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلىشىگە بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچىنىڭ ئاكىسىنى قۇتقۇزۇشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى، ئاكىسىغا بولغان چەكسىز سۆيگۈسىدىن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. فىلىمدا مايكېلنىڭ ئاكىسىنى تۈرمىدىن ئېلىپ قېچىشىدا، ئۇنىڭ ئالاھىدە تالانتلىق بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەخسىي خاراكتېرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئۇ ھېچقاچان ئۆزىگە توسالغۇ پەيدا قىلغان، ئىشلىرىنى بۇزۇۋەتكەن، ئىنتايىن ئېغىر دۈشمەنلىك قىلغان ئىنسانلاردىن ئاغرىنىپ، ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۇششاق ھېسابلار ئۈچۈن ۋاقىت ئىسراپ قىلمايدۇ. ئۇ چوڭ مەقسىتىگە يەتكەنگە قەدەر، ھېسابات دەپتىرىنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن سەمىمىيلىك بىلەن پايدىلىنىدۇ. چۈنكى قېچىشتىن ئىبارەت ئوخشاش نىشان ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. گەرچە بۇ بىر فىلىم بولسىمۇ، ئەمما فىلىم دىرېكتورى رېئاللىقتىكى ئاغرىنىشنىڭ ئورنىغا كۈچلىنىشنى ئىنتايىن جانلىق ئىپادىلىگەن.

ئەگەر سىز بىر ئىشنى قىلىشنى نىشان قىلغان ۋە باشلاشتىن بۇرۇن «بۇ ئىشلارنى باشقىلارنىڭ مېنى كۆككە كۆتۈرۈشى ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن» دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئىشىڭىزدا مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئالالماي ۋە ئاغرىنىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

## 2. پەرۋاسىزلىق

كۆپىنچىلىرىمىزدە، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزدا هازىر بىر خىل پەرۋاسىزلىق يامرىماقتا. مەنچە بۇ بىزدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرىدىغان بىر روھى كېسەل. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن پەرۋاسىزلىق ئىللىتىدىن قۇتۇلۇش ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

ئەگەر سىز داۋاملىق:

ـ ۋاي، مەن بىر ئادەمنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟

ـ ئەڭ ياخشىسى سىڭگەن نېنىمنى يەي!

ـ ۋەتەننىڭ سىياسىي دەۋا ئىشلىرى چوڭ ئىشلار، ئېغىر ۋە مۇرەككەپ. بولۇپمۇ بىز ئۈچۈن بەك تەس، ئەڭ ياخشىسى بېشىمنى ئاغرىتماي.

ـ نېمە كارىم.

ـ ھەر كۈنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقان خەۋەرلىرىدىن جاق تويدۇم. بىرمۇ خۇشاللىق يوق، يۈرەك ئاغرىقى بولۇپ كەتمەي، ئەڭ ياخشىسى ئاڭلىمايلا، كۆرمەيلا، بىلمەيلا قۇتۇلاي.

ـ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

ـ بىلمىدىم، بىلەلمىدىم، بىلمەيمەن.

ـ نەگىلا بارسا سىياسىي گەپمۇ؟...

دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسىڭىز ياكى شۇنداق ئويلىسىڭىز، دېمەك بۇ كېسەل سىزدىمۇ بار. بۇنداق بولغاندا، تۆكۈلۈۋاتقان قانلارغا، ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىگە، كەلگۈسىڭىزگە، بالىلىرىڭىزنىڭ شەرىپىگە بىپەرۋالىق بىلەن قارىغان بولىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا، سىز تاللاشلارغا دۇچ كەلگەندە مۇرىڭىزنى قىسىپ نېمە بولسا

بولمامدۇ، دەپلا قارار بېرىش ھوقۇقىڭىزنى باشقىلارغا بېرىۋېتىدىغان بىرى. ئەمما بۇ ۋەتەن سىزنىڭ، بۇ مىللەت سىزنىڭ، باشقىلارنىڭ ئەمەس. قان تۆكۈپ جان بېرىۋاتقانلار، يانجىلىۋاتقانلار سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىز، دىنداشلىرىڭىز. قىسقىسى، ۋاز كېچىپمۇ كېچەلمەيدىغان بۇ قان ۋە تۇپراققا باغلىق قىسمەت سىزنىڭ! ھاياتىڭىز ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەر بىر تاللاش ۋە قارارنىڭ سىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار. سىز بىر كىشى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزگەرتەلەيسىز. سىز بىر كىشى دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمما شۇ دۇنياغا تەۋە بىر تال چېكىتنى ئۆزگەرتەلەيسىز ۋە بۇ بىر تال چېكىت بەلكىم نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھەممىمىزدە ھېچ بولمىغاندا، دېڭىز يۇلتۇزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشقان كىچىك بالىنىڭ روھى بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!

بىر كۈنى بىر بوۋاي دېڭىز ساھىلىدا كېتىۋېتىپ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ سان ـ ساناقسىز دېڭىز يۇلتۇزنى قىرغاققا ئۇرۇپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى، بىر كىچىك بالىنىڭ دېڭىز يۇلتۇزلىرىنى بىر تال ـ بىر تالدىن تېرىپ دېڭىزغا تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئاۋارە بولما قوزام، سان ـ ساناقسىز دېڭىز يۇلتۇزلىرىنى سەن بەربىر بىر تال ـ بىر تالدىن قۇتقۇزۇپ بولالمايسەن، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتەلمەيسەن» دەپتۇ. بالا بىر تال دېڭىز يۇلتۇزنى قولىغا ئېلىپ دېڭىزغا قارىتىپ ئېتىپتۇ ۋە بوۋايغا: «بىراق، مەن ماۋۇ بىر تال دېڭىز يۇلتۇزنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتەلەيمەن» دەپتۇ.

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، سىز بىر كىشى قانداق بىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلىشىڭىز: ۋەتىنىڭىزنىڭ، مىللىتىڭىزنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قانداق كىچىك ياكى چوڭ بىر ئىشنى قىلالىشىڭىز مۇمكىن؟

ئەگەر دۇنيا ۋەزىيىتى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ئەتىلا خىتاي ئاجىزلىشىپ ۋەيران بولۇش گىردابىغا قاراپ ماڭسا، سىز نېمىلەرنى قىلغان بولاتتىڭىز؟ ئەگەر سىزنىڭ قولىڭىزدا مىليارد دوللار پۇل پەيدا بولۇپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ نېمىلەرگە سەرپ قىلاتتىڭىز؟ ئەگەر شەرقىي تۈركىستان 10 يىل ئىچىدە ئەركىنلىككە ئېرىشىپ قالسىچۇ؟ تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، سىز بۇ 10 يىل ئىچىدە ئۆزىڭىزنى قايسى شەكىلدە ۋەتىنىڭىز ئۈچۈن ھازىرلىغان

بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى؟

تەسەۋۋۇرىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ھەي!!! پۈلۈم بولغان ياكى بىلىمىم، ئىقتىدارىم بولغان بولسا ئۇيغۇرۇم ئۇچۇن مۇنداق بىر ئىش قىلالاتتىم دېگەننى خىيالىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىڭ. سىز شۇ ئىشنى قىلىۋاتقاندا ئۆزىڭىزنى قەيەردە كىملەر بىلەن بىللە قانداق بىر گۈزەل تۇيغۇدا كۆردىڭىز؟ ئۆزىڭىزنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ داغدۇغا ئىچىدە ئازاد بولغان كۈنىدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئۇ كۈن سىز ئۆزىڭىزنى كىم بولغان ۋە نېمە ئىشلارنى قىلغان ھالەتتە كۆرۈشنى خالايسىز؟

## 3. بىۋاستە باغلىنىش ھېس قىلالماسلىق

ئادەتتە ئىنسانلار ئۆزى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتى بولغان زۇلۇمغا، كۆزى بىلەن كۆرگەن، يەنى كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن تراگېدىيەلەرگە قارشى تۇرۇشتا، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي مەجبۇرىيىتىنى ناھايىتى ئاسانلا ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ مەجبۇرىيەتنى سىياسىي مەسئۇلىيەت ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ۋە ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. سۈرىيەدىكى ئۇرۇش نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن، ئۇلارنى بومبا ئاستىدىن قېچىشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركىيەدىن باشقا ھېچبىر دېموكراتىك دۆلەت، تاكى ئۈچ ياشلىق سۈرىيەلىك ئوغۇل بالا ئائىلىسى بىلەن قېچىش جەريانىدا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ، جەسىتى دېڭىز ساھىلىدا قالغان ۋە ئۇ بالىنىڭ جەسىتىنىڭ دېڭىز ساھىلىدا ياتقان رەسىمى دۇنياغا يېيىلغانغا قەدەر سۈرىيەدىكى پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى. ھەتتا كانادانىڭ سابىق باش مىنىستىرى ستېۋېن خارپېر ئىنسانلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا: «بىز كاناداغا سۈننى مۇسۇلمانلارنى ئالمايمىز» دەپ جاكارلىغان ئىدى. 2015 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۈچ ياشلىق سۈرىيەلىك ئوغۇل بالىنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى جەسىتى پۈتۈن دۇنيانى تەۋرىتىۋەتتى. ستېۋېن خارپېر خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى ۋە سايلامدا ئۇتتۇرۇپ قويدى. بىر قانچە ئاي ئۆتمەيلا، كانادانىڭ يېڭى باش مىنىستىرى جاستىن ترودو دەرھال قارار چىقىرىپ، بىر قېتىمدىلا 25 مىڭ سۈرىيەلىك پاناھلىق تىلىگۈچىنى كاناداغا يۆتكەپ كەلدى ۋە داۋاملىق سۈرىيەلىك پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى تېزلىكتە قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.



ئۇيغۇرلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزى بىۋاستە مەنسۇپ بولغان، ھەتتا ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىكى مىللەتنىڭ ھالىنى، دەردىنى بىۋاستە ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ بىز تېخى ئۇرۇمچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ خوتەندە قانلىق باستۇرۇش بولغاندا، ئۇرۇمچىدىكى قانلىق باستۇرۇشتا ئازاب ۋە غەزەپتىن تىترىگەندەك تىترىگىنىنى، ھەتتا غەزەپتىن پارتلاپ كوچىلارغا چىققىنىنى كۆرەلمىدۇق. غۇلجىدا قانلىق باستۇرۇش بولغاندا قەشەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، قەشقەر خەلقى باستۇرۇلغاندا دات ـ پەرياد تۆككەندەك نالە قىلغىنىنى كۆرەلمىدۇق. نېمە ئۇچۇن؟ چۈنكى تەسىر بىۋاستە ئەمەس. چۈنكى بىز ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن بىۋاستە كۆرەلمىدۇق. قەلبىمىزنى لەختە قىلىدىغان تراگېدىيەلەرنى كۆز ئالدىمىزدا كۆرمىگەنلىكىمىز ئۇچۈنلا، بۇ ۋەقەلەر بەزىلەرگە ھېكايىدەك تۇيۇلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇچۇرلارنى قاتتىق كونترول قىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلۇشىغا دائىر ئۇن ـ سىن كۆرۈنۈشلىرىنى قاتتىق چەكلىدى، گۇۋاھچىلارنىمۇ ئۈنىنى چىقارماس قىلىۋەتتى. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلانى باستۇرغاندا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىقىنى قوزغىماسلىق ئۇچۇن غۇلجىغا قەشقەردىن ئىشپىيون ۋە ساقچىلارنى مەخسۇس يۆتكەپ كېلىپ ئىشلەتسە، خوتەنگە ئۇرۇمچى ياكى قارامايدىن ساقچىلارنى يۆتكەپ ئىشقا سالماقتا.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكىگە بولغان سىياسي مەسئۇلىيەتتىن قېچىشى، پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقي، ۋىجداني ۋە سىياسي مەجبۇرىيىتىنى يوققا چىقىرىشقا

سەۋەب ئىزدەش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى ئاشۇ سەۋەبكە ئىشەندۇرۇپ كۆڭلى ۋە ۋىجدانىغا تەسەللى تېپىشتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. مەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ، ھەتتا ياشلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئۇن - سىن ھۆججەتلىرىنى كۆرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ «كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆرمەي»، «مەن ئۇنداق نەرسىلەرگە پەقەتلا قارىمايمەن» دېگەنلىكىگە شاھىت بولدۇم. كۆرمەسكە سېلىش سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئەمىن تاپتۇرغان بىلەن، باستۇرۇلغان ۋە قىرغىن قىلىنغان ھالى خاراب ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدىغانلىقى ئېنىق. ھەرقانچە كۆرمەسكە سالساقمۇ ئاچچىق رېئاللىق بۇ دۇنيادىن سۈپۈرۈلۈپ ئۆچۈپ كەتكىنى يوق. ئەمما كۆرمەسكە سېلىش، بىزنى ئۇلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماسلىقىمىزغا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە بىز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز ۋە ياكى ھېچقانداق مەجبۇرىيەت ھېس قىلالمايمىز. ئەگەر شۇ ۋەقەنى بىۋاستە ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولساق ئىدۇق، بىزگە بىۋاستە تەسىر قىلغان، يۈرىكىمىز ئېچىشقان ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ۋىجدانىي ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىمىزنى، شۇنداقلا سىياسىي مەجبۇرىيىتىمىزنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولاتتۇق. دېمەك، «يۈرىكىمنى ئاغرىتىدىغان نەرسىلەرنى كۆرمەي» دېيىش ئارقىلىق مەجبۇرىيەتتىن قاچتۇق ۋە ئۆزىمىزنى ئالدىدۇق.

## 4. جاۋابكارلىق بىلەن مەجبۇرىيەتنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش

«نېمە ئۈچۈن مەن مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلغۇدەكمەن؟ ئۇيغۇر بولغىنىم ئۈچۈنلىمۇ؟ پۈتۈن بۇلارغا مەن سەۋەب بولمىسام يا؟ ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنى مەن كەلتۈرۈپ چىقارغانمىدىم؟ بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئەمەس. بىز يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ بۇنىڭدا سىياسىي مەسئۇلىيىتى يوق». بەزىلىرىمىز ئەنە شۇنداق سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىق جاۋابكارلىق بىلەن مەجبۇرىيەتنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىپ، مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلۇشقا باھانە ئىزدەيمىز. توغرا ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكىدە قېلىشىغا سىز ۋە مەن جاۋابكار ئەمەس. بۇنى بىز كەلتۈرۈپ چىقارمىدۇق. بۇ جاۋابكارلىقنى بىز ئەمەس، خىتاي دۆلىتى ئۈستىگە ئېلىشى ۋە بۇ جىنايىتى ئۈچۈن تۆلەم تۆلىشى، جاۋابكار بولۇشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتى بولۇپ، جاۋابكارلىق

ئاللىقاچان بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن، قىلىنغان، يۈز بەرگەن ئىشلارغا جاۋابكار بولۇشقا قارىتىلىدۇ. ئەمما دەۋرىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز مىللىتى ۋە دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق بىر ئېزىلگۈچىگە بولغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتى بوگۈن ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن سورۇشتۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ ياكى باشقا ئېزىلگۈچىنىڭ كەلگۈسىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنىڭ داۋاملاشماسلىقى ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ھەر ئىنساننىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىدۇر.

سىياسىي مەسئۇلىيەت دېگىنىمىزدە، بۇ بىر شەخسنىڭ يالغۇز ئېلىپ بارىدى-غان مەسئۇلىيىتى بولماستىن، بەلكى ئادالەتسىزلىك، ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارغا يورگوزۇلۇۋاتقان زۇلۇمنى توسۇش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئۇيۇشۇپ بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكىتىدۇر. ئەگەر ھەر بىر شەخس، شەخسىي ھالدا بۇ ئۇيۇشۇشتىن ۋە ھەرىكەتتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، تەشكىللىك شەكىلدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ - دە، نەتىجىدە ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىپ يول قويغان؛ سۈكۈت قىلماسلىقىمىز بىلەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن بولغان شارائىت ئۆزگەرمىگەن ۋە بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئۆزگەرمەسلىككە ھەسسە قوشقان بولىمىز. ئۇ چاغدا بىز كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار سېپىدىن چۈشۈپ قېلىپ، جاۋابكارلار سېپىگە قېتىلىپ قالغان بولىمىز.

## 5. تەقدىرگە تەن بېرىش

«پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق. ئاللاھ ئۆزى بىر كۈنى ئاسان قىلىپ قالار».

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ پېشانىسىگە يامان كۈن كۆرۈشنى، باشقىلارنىڭ پېشا-نىسىگە ياخشى كۈن كۆرۈشنى پۈتۈۋەتكەنمۇ؟ ئاللاھ چەكسىز مېھرىباندۇركى، ھېچكىمنىڭ پېشانىسىگە يامان كۈن كۆرۈشنى ئۆزگەرمەس قىلىپ پۈتۈۋەتكەن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ئەركىن تاللاش، ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى ۋە ئەقىلنى بەرمىگەن بولاتتى. «ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى تەقدىر بەلگىلەمدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىن تاللىشىمۇ؟» دېگەن بۇ مەسىلىدە ئەسىرلەردىن بېرى تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرغىچە ھەر ئىككىسىدىن بىرى ئىنكار قىلىنىۋېتىلگەن ئەمەس. پىسخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش

قابىلىيىتى ۋە ئۈمىدى يوق قىلىۋېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئەركىن تاللاش ھوقۇقىدىن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن ۋاز كېچىپ چارىسىز ھالغا چۈشىدىكەن ۋە تەقدىرگە تەن بېرىدىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ خورلۇققا ئۇچرىشىنى پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن دەپ قاراش، ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىق ۋە ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى پۈتۈلگەن ئىشلارنى خالىسا ئىنسانىنىڭ ئەمىلىگە كۆرە ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ بەزى ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىدە زۇلۇم قىلىشنى، بەزىلىرىگە بولسا زۇلۇمغا ئۇچراشنى پۈتىۋەتكەن بولسا، ئاللاھ ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق كۈنىدە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ توغرا ۋە خاتا ئىشلىرى ئۈچۈن جازا ۋە مۇكاپاتقا تارتمىغان بولاتتى. كىشىلەرنىڭ ئاللاھ بەرگەن ئەركىن ياشاش مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇش خۇددى ئېغىر كېسەل بولغان ئادەمنىڭ، بۇ مېنىڭ تەقدىرىم دەپ تەن بېرىپ، داۋالاشنى رەت قىلغىنى ۋە ئۆلۈمنى تېزلەتكىنىگە ئوخشايدۇ. ئۈمىدسىزلىكنى تەقدىرگە تەن بېرىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋېلىش، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى چۈشەپ قويىدىغان يەنە بىر خەتەرلىك توسالغۇدۇر.

## 6. ھاياتنىڭ مەنىسىنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئىزدەشنى بىلەلمەسلىك

ئىنسانلارنىڭ ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بەزىلەر ئۈچۈن ئۆزى، بالىلىرى، ئەتراپىدىكىلەر، مىللىتى ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز قىممەت يارىتىش، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشىش بولسا، بەزىلەر ئۈچۈن ماددى دۇنيادىن ھۇزۇرلىنىشتۇر. يەنە بەزىلەر ئۈچۈن مەڭۇ دۇنيادىن ھۇزۇرلىنىش بولسا يەنە بەزىلەر ئۈچۈن تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ مەڭگۈلۈك دۇنيانى قارىنىشتۇر. بەزىلەر ھاياتنىڭ مەنىسىنى كۈندىلىك ئۇششاق خۇشاللىقلاردىن ئىزدىسە، بەزىلەر خاتىرجەملىك ۋە شۈكرىدىن ئىزدەيدۇ. يەنە بەزىلەر بالىلىقىدىلا قورۇپ چىققان ئارزۇلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتىن ئىزدەيدۇ.

ھاياتنىڭ مەنىسى بىز ئۈچۈن نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىر نىشان ۋە ئىنساننى ئاشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرۈشتۈرىدىغان كۈچتۇر. بىز داۋاملىق سۆيگىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ياكى مال دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى

ۋەياكى كۈندىلىك تۇرمۇشنى قامدايدىغان ۋەياكى بىر ئۆمۈر ھاياتىنى بېغىشلىماقچى بولغان كەسپىدىن، خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى ئولتۇرۇۋالغۇچىلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. چۈنكى ئۇلار ئۇچۇن ھاياتنىڭ مەنىسى تۈگىگەن ئىدى. مەن، پۈتۈن نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىنسانلارنىڭمۇ تىك تۇرۇپ ياشىيالىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان كۈچ زادى نېمە؟ ئۇلارغا بۇ كۈچ بۇ جاسارەت بۇ ئۈمىد نەدىن كەلگەن؟ مەن شۇنداق كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم، يوقىتىش ئۇلارغا يېڭى بىر مەسئۇلىيەتنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىنتىقام ئېلىش ئىدى. دېمەك، تەقدىرنىڭ بىر كۈنى ئۇلارغا ئەركىنلىك بېرىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىد ئۇلارنى پۈتۈن مەسئۇلىيىتى تارتىۋېلىنغان، ھاياتتىكى نىشانى كېسىپ تاشلانغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ ياشىتىۋاتاتتى.

ئۇلار ھاياتنىڭ مەنىسىگە بولغان چۈشەنچىسىدىن ئايرىلمىغان بولۇپ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى بەدەل تۆلەشنىڭ قىممىتىدىن، قۇربانلىق بېرىشنىڭ قىممىتىدىن ئىزدىگەن ئىدى. بەدەل ۋە قۇربانلىقنىڭ مەڭگۈلۈك مۇكاپاتىغا ئىشەنگەن ئىنسانلار ئىدى. ئاللاھنىڭ جەننىتىگە سەبىرنىڭ كۈچىگە، بۇ دۇنيانىڭ چەكلىكلىكىگە ئىشەنگەن ئىنسانلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئىزدەپ تاپالايتتى. شەرت ـ شارائىتنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن تارتىۋالماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتتىكى رولى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلىگەن ئىدى. ئىنسان ھايات ماڭا نېمىلەرنى بېرىشى كېرەك؟ ئارزۇسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەندە، ئەگەر بىر كۈنى ھايات ئۇ ئىزدىگەن نەرسىنى بەرمىسە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھاياتقا كۈلۈمسىرەپ قارىيالىغان، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىيالىغان بۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ ھاياتنىڭ مەنىسىنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن تېپىشنى بىلگىنىدىن پەخىرلەندىم. قىسقىسى ئىنسان «مەن ھاياتقا نېمە بېرىمەن؟» دېگەن سوئالنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشنى بىلگىنىدە ھاياتلا بولىدىكەن ئۆز مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەرگىزمۇ يوقىتىپ قويمايتتى. ئەمما بىزلىرىمىز بولساق ھاياتنىڭ مەنىسىنى پەقەتلا ماددىي دۇنيادىن ئىزدىگەنلىكىمىز، ئېرىشكەن بايلىقىمىزنى ياكى باشقا نەرسىمىزنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئىزدىگەنلىكىمىز، ھەتتا بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار ئۆزىگە بېرىلگەن ئەركىن دۆلەتلەردىكى پاناھلىق ۋە ھۇزۇر ئېلىش

پۇرسىتىنىڭمۇ، ئاشۇ بەدەل تۆلىگەنلەرنىڭ بەدىلى ئۈستىگە كەلگەنلىكىنى ئويلاش تۈيغۇمىزدىن قاچالىقىمىز ئۈچۈن، ھۇزۇرنىڭ ھەققىنى ئۆتەش مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلالمىدۇق ۋە بۇ مەسئۇلىيەت تۈيغۇمىزنى يۈتتۈرۈپ قويدۇق.



# غايە ۋە ئىشەنچ

**كىچىك ئىشلارغا ئىشەنچ قىلىڭ. چۈنكى سىزنىڭ كۈچىڭىز ئاشۇنداق يەرلەردىن تېپىلىدۇ.**
**- مادېر تېرېسسا**

ھەر بىر مۇسۇلمان «مېنىڭ ھاياتتىكى نىشانىم نېمە؟ ئۇ نىشانغا يېتىشتىكى مەقسىتىم نېمە؟» دېگەن سوئالغا، گەرچە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «جەننەت مېنىڭ نىشانىم، ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش مېنىڭ نىشانىم، بۇ دۇنيادا گۈزەل ئىشلارنى قىلىش، توغرا يولدا تۇرۇش ئارقىلىق جەننەتكە يېتىش مېنىڭ نىشانىم» دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ. ھەر بىر ئۇيغۇرچۇ؟ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ جاۋابى يۇقىرىدىكى جاۋاب بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئەمما سىز جەننەتكە بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن قانداق يېتىسىز؟ بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمان بولۇشى، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلالىشى قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئەگەر سىز ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمان بولسىڭىز، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن تەۋھىدتە ئېيتىلغاندەك، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە بويسۇنماسلىقىڭىز كېرەكقۇ؟ بىر ئۇيغۇر ئەگەر ئۆز رازىلىقى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن خىتاينىڭ ئۆلارنى دەپسەندە قىلىشىنى قوبۇل قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىپ ياشىسا (بۇ يەردە، ھېچقانداق ئىستراتېگىيە، زامان، ماكان، ئىچكى - تاشقى شارائىت بىلەن ئويلىشىپ ئولتۇرماي، جېنىمىزنى سېلىپ بېرىش ئارقىلىق بويسۇنۇشنى رەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە)، ئۇ ھالدا ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن

بولمامدۇ؟ ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئايان بولغىنىدەك ئەركىنلىك ئەڭ ئالدى بىلەن تەۋھىدتىن، شۇنداقلا خاتا بىلەن توغرىنى، ھەق ـ ئادالەت بىلەن ھەقسىزلىقنى ئايرىشتىن، ھەقىقەتكە قىممەت بېرىشتىن باشلىنىدۇ.

ئۇنداقتا، تەۋھىد دېگەن نېمە؟ «قۇرئان» دىكى تەۋھىد ئۇقۇمى قانداق ئۇقۇم؟

تەۋھىد ـ ئاللاھنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى، تەڭداشسىز ۋە كەمچىلىكسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، قۇرئاندا سۈرە ئىخلاس بۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى.

ئىسلام ئالىملىرى تەۋھىد ئۇقۇمىنى مۇنداق ئۈچكە ئايرىپ شەرھلەيدۇ: تەۋھىد ئەل ـ رۇبۇبىييە، تەۋھىد ئەل ـ ئۇلۇھىييە ۋە تەۋھىد ئەل ـ ئەسما ۋەسسىفات[1].

تەۋھىد ئەل ـ رۇبۇبىييەنىڭ مەنىسى ـ ئاللاھ پەقەت بىردۇر، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇ پۈتۈن كائىناتلارنى ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتنى ياراتقۇچىدۇر، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنى ياراتقۇچىدۇر.

تەۋھىد ئەل ـ ئۇلۇھىييەنىڭ مەنىسى ـ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكىتىمىز، ئىچىمىز ۋە سىرتىمىز، سۆزىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش، پەقەت ئاللاھتىنلا قورقۇش، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە، مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا چوقۇنماسلىق ۋە باش ئەگمەسلىك.

تەۋھىد ئەل ـ ئەسما ۋەسسىفاتنىڭ مەنىسى ـ ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىگە ۋە ئالىيلىقىغا، ئۇنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىماسلىق، ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك، بۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلماسلىق، مۇزاكىرە قىلماسلىق.

دېمەك، تەۋھىد ئىنساننىڭ زېھنىنى يۈكسەك ئەركىنلىككە يېتەكلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ پەقەت ۋە پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىنى، تەڭداشسىز رەببىمىزدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماسلىق ۋە ھېچكىمگە بويسۇنماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى دەل ئەنە شۇ ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەق ـ ئادالەت يولىدىكى كۈرەش بولغانلىقتىن، ئېتىقادىمىزدىكى تەۋھىد

(1) تەۋھىدنىڭ مەنىسى ۋە كاتېگورىيەسى، شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەل ـ مۇنەججىد.
https://islamqa.info/en/10262

ئۇقۇمى مىللەتچىلىكنى چەتكە قاقمايدۇ.

ھەق ـ ئادالەتتە تۇرۇش دېگىنىمىزدە نېمىلەرنى كۆزدە تۇتىمىز ياكى قانداق بىر ئارزۇنى تىكلەيمىز؟ بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۇ ياقلايدىغان ھەق ئەڭ ئالدى بىلەن زادى نېمە؟ ئۇنىڭ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى نەدىن، كىمدىن باشلىنىدۇ؟ ئېنىقكى، ئۆز زېھنىدىن، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىن ۋە ئۆزىنى مەنسۇپ قىلغان مىللىتىدىن باشلىنىدۇ.

بىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ مىللىتىگە، ۋەتىنىگە قىلىنىۋاتقان ئېغىر زۇلۇمغا ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى تىكلەش ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئارزۇسىنى تۇرغۇزۇشى، ئۇنىڭ ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھاياتى بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن بىر روھى تۈۋرۈكتۇر. چۈنكى ئەنە شۇ ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلا بۇ مىللەتنى ھەرقانداق زۇلۇم ئاستىدىمۇ چىرىپ كەتمەي تىك تۇرغۇزالايدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق:

قەھرىمانلىق ۋە بەزىدە ئېغىر بەدەل تۆلەش نەخ مەيداندىكى قاتتىق ئاچچىقلىنىشتىن ۋە تۇيۇقسىز پارتلاپ چىققان ئىنكاستىن كېلەمدۇ ياكى ئۇ ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن ئالاقىدار بولغان تاللاشتىن پەيدا بولامدۇ؟

سىز بەلكىم چىن تۆمۈر باتۇر چۆچەكىدىكى مەختۇمسۇلانى بىلىشىڭىز مۇمكىن. چۆچەكتە باتۇر چىن تۆمۈرنىڭ مەختۇمسۇلا ئىسىملىك ناھايىتى گۈزەل بىر سىڭلىسى بولۇپ، چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنى 7 باشلىق قان ئىچىدىغان يالماۋۇزدىن قۇتۇلدۇرغان بولسىمۇ مانجۇ خانلىقىدىن قۇتۇلدۇرالماي تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى مانجۇ خانلىقى 7 باشلىق يالماۋۇزدىنمۇ قورقۇنچلۇق، كۈچلۈك بولۇپ چۇمۇلىدەك ساناقسىز ئەسكەرلىرى بار ئىدى. مانجۇ خانلىقى مەختۇمسۇلاغا ئاشىق بولۇپ ئۇنى بۇلاپ كېتىدۇ. مەختۇمسۇلا نەزەر بەند قىلىنغانلىقتىن زادىلا قېچىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ مانجۇ خاننى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت تۇغىدۇ ۋە بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاقار بىرىنىڭ ئىسمىنى چۆكەر قويىدۇ. مانجۇ خان مەختۇمسۇلاغا ئىشىنىپ ئۇنىڭ دەريا بويىغا بېرىپ ساياھەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. مەختۇمسۇلا بالىلىرىنى تاشلاپ ئاتقا مىنىپ ۋەتىنىگە كېتىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانجۇ ئەسكەرلىرى دەريادىن

ئۆتەلمەي: «مەختۇمسۇلا قايتىپ كەل بالىلىرىڭنى يېتىم قىلما!» دەپ ۋارقىرايدۇ. مەختۇمسۇلا بولسا: «ئاقارنى دەرياغا تاشلىساڭلا ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قايتىپ بارمەن!» دەيدۇ. مانجۇلار ئاقارنى دەرياغا تاشلايدۇ، ئاقار ئېقىپ ئۆلىدۇ. مەختۇمسۇلا قايتىپ بارمايدۇ. ئۇ يەنە: «مەن كىچىك ئوغلۇمغا بەكرەك ئامراق! چۆكەرنى دەرياغا تاشلىساڭلا ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قايتىپ بارمەن!» دەيدۇ. مانجۇلار چۆكەرنى دەرياغا تاشلايدۇ، لېكىن مەختۇمسۇلا قايتىپ يانمايدۇ. ئۇ شۇندىلا خاتىرجەم كۆلۈمسىرەپ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇرنى تېپىش ئۈچۈن ۋەتىنىگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىدۇ ۋە ئاكىسىنى تاپىدۇ.

كىچىك ۋاقتىمدا بۇ ھېكايىنى مومام ناھايىتى كۆپ قېتىم ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، لېكىن مەن بىرەر قېتىممۇ «مەختۇمسۇلا بالىسىغا قانداق چىدىغاندۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بالىلىرىنى دەرياغا تاشلىتىپ ئۆز بالىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرگىزىدۇ؟» دەپ سوراپ باقمىغان ئىدىم. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ چۆچەكنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى: «مەختۇمسۇلا نېمە ئۈچۈن ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ؟» دەپ سوراپ باقمىغان. چۈنكى بىز چۆچەكتىكى مانجۇ خانلىقىنىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىنمۇ قورقۇنچلۇق ۋە رەزىل ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە مەختۇمسۇلانىڭ بالىلىرىنى ئۇيغۇرنىڭ بالىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنىمۇ خالىمايتتۇق، دادىسى مانجۇ بولغان بالىلار چوقۇم مانجۇغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق دەپ ئويلايتتۇق.

بىز موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان ۋە قەلبىمىزدىكى نەپرەت شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى مەختۇمسۇلانى خاتا قىلدى دېگەن نەرسە ئەقلىمىزنىڭ ئۇچىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى. چۈنكى ھەر كىمنىڭ قىممەت كۆز قارىشىنى ئۇ ياشىغان مۇھىت، تەربىيە ۋە ئاڭ سەۋىيە يېتىلدۈرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كانادادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇۋاتقان بالىلىرىمغا بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگىنىمدە ئۇلارنىڭ بىرىنچى سوئالى: «مەختۇمسۇلانىڭ نېمە دېگەن باغرى تاش؟ ئۇ قانداقسىگە ئۆز بالىلىرىنى ئۆلتۈرگىزىدۇ؟ بالىلىرىدا نېمە گۇناھ؟» دەپ سوراش بولدى. چۈنكى ئۇلار ئەركىن، خاتىرجەم دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولغاچقا، رېئاللىقتا يالماۋۇزلاردىنمۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بالىلار ئىدى.

ئويلاپ قالدىم، بۇنداق قەھرىمانلىق ۋە زور بەدەل تۆلەش روھى قانداق ئەھۋالدا

يېتىلىدۇ؟ بىر ئانا ئۇچۇن بالىدىن كىچەلەشتەك، ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈشتەك ئېغىر ئىش بولمىسا كېرەك. ئەگەر مانجۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمىنى بولمىغان، مەختۇمسۇلا موڭغۇل مەدەنىيىتىگە يېقىن بىر مەدەنىيەتتە چوڭ بولغان، ئاشۇ مەدەنىيەتكە كۆنەلىگەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىغا كۆچلۈك سېغىنىشى بولمىغان بولسا، ئاكىسىغا، سۆيۈملۈك يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتى چەكسىز بولمىغان بولسا بالىلىرىدىن ۋاز كىچەلەمتى؟ ياق.

ئەگەر ئۇنىڭدا مانجۇ خانلىقىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت، يىرگىنىش تولۇپ تاشمىغان بولسا ئۇ بالىلىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈشتەك بەدەلنى تۆلىيەلەمتى؟ ياق. ئۇ نېمە ئۇچۇن بالىلىرىنى ئەمەس ۋەتىنىنى تاللىدى؟ بالىلىرىنى ئۆلتۈگۈزۈشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتمىدى ياكى تاشلاپ كەتمىدى؟

چۈنكى ئۇنىڭ ھايات تەجرىبىسى ۋە مۇھىت تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئىنتىقام ۋە نەپرەت ھەققىدىكى قىممەت كۆز قارىشى، روھىيىتىدىكى ياتلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىدىيەسى، ئۇنىڭغا بالىلىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ۋەتىنىنى تاللاتقۇزدى. دۈشمىنى بولغان ياتلارنىڭ نەسلى بىلەن ئۆز نەسلىنى بۇلغاشنى خالىمىدى. مانجۇ خانىغا بالىسىنى تاشلاپ كەتمەسلىك ئارقىلىق مانجۇ خانلىقى بىلەن بولغان ئوتتۇرىدا بىر باغلىنىشنىڭ قېلىشىنى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلدى.

چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە دۈشمىنىگە بولغان ئىنتىقام بىر مىنۇتمۇ ئۆچمىگەن ئىدى. ئۇيغۇرلاردا تارىختىن بېرى بۇنداق قەھرىمان ئاياللار ئىنتايىن كۆپ، مەسىلەن، ئىپارخانمۇ بېيجىڭ خانلىقىغا ياتلىق بولۇشنى رەت قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىدىمۇ؟ ئەگەر ئىپارخاندا ئىمان ۋە ئۇيغۇر مەلىكىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېتىشكەن ئېسىلزادىلىك، ئۆز مىللىتىنى، ئۆز غۇرۇرىنى، ئۆز يۇرتىنى، ئۆزى ياشىغان ھەممىلا نەرسىنى ياتلاردىن ئۈستۈن تۇتۇش، ھېچنېمىگە تەڭ قىلماسلىق روھى، ياتلار بىلەن، دۈشمەن بىلەن ئۆزىنىڭ پەرقىنى ھېس قىلىش روھى يېتىشمىگەن بولسا ئۇ بەلكىم بېيجىڭ خانلىقى بىلەن ياشىشى مۇمكىن ئىدى.

نۇزۇگۇمچۇ؟ ئۇمۇ ئۆزىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان مانجۇ گېنېرالنى ئۆلتۈرۈپ نومۇسىنى قوغداش ئۇچۇن، قومۇشلۇققا قېچىپ قومۇشقا ئوت يېقىپ كۆيدۈرسىمۇ

چىققىلى ئۇنىماي، ئىپپەت ـ نومۇسى بىلەن كۆيۈپ كەتمىدىمۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئىنتىقام، روھىيىتىدە ئىپپەت ـ نومۇس بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قويۇق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىڭگەن جەمئىيەتتە، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن، ئائىللىق ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن، ئىمانى بىلەن قىسقىسى ئۆز خەلقىگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت بىلەن ياشىغان، ياتلار بىلەن پەرقنى ۋە دۈشمەن بىلەن سەپ ئايرىشنى چۈشىنەلەيدىغان سۆيۈملۈك قەھرىمان قىزلار ئىدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەھرىماننىڭ قەھرىمانلىق قىلىشى تاسادىپىي دەل شۇ پەيتتىكى ھەرىكەت ۋە شارائىت تۈپەيلىدىن، تۇيۇقسىزلا ئىنكاس كۆرستىپ قېلىش تۈپەيلىدىن بولۇپ قالمايدۇ. ياكى ئۇنىڭ خەتەرگە ئۆزىنى ئاتالىشى، ئۆز ھاياتىنى باشقىلار ئۈچۈن دوغا تىكەلىشى، ئۇنىڭ يۈرىكى باشقىلارنىڭكىدىن چوڭ يارىتىلىپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يۈرىكى يانمايدىغان تەۋرەنمەس قىممەت قارىشى تەرىپىدىن داۋاملىق تاۋلىنىپ چېنىققانلىقتىن يوغىناپ باردۇ. چۈنكى قەھرىمان بولۇش دەرىجىدىن تاشقىرى جاسارەت، بۇ دۇنيادىن ئۈستۈن كېلىدىغان شەخسىيەتسىزلىك تەلەپ قىلىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا گېرمان ناتسىستلىرىنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلغان لاگېردا 3 يىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋېكتور ئە. فرانكلىنىڭ ئىنساننىڭ ھاياتتىن مەنە ئىزدىشى دېگەن بىر كىتابى بار بولۇپ، ئۇ كىتابىدا «تەربىيە ۋە بىلىم ئىنسانغا قەھرىمانلىقنىڭ نەخ مەيداندىكى پارتلاپ چىققان ھەرىكىتىدىن ئەمەس، تاللاشتىن كېلىشنى ئۆگىتىدۇ.» دەپ يازىدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە لاگېردىكى ئېغىر قىيىن ـ قىستاق ۋە ھاياتقا بەرداشلىق بېرىپ ياشىيالماي ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى، ئۆيىگە بىر كۈنى ساق ـ سالامەت قايتىپ بېرىش ئۈمىدىنى يوقاتقانلار بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك ئۇلارنىڭ غەيرىتىنى بوشىتىپ قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىشنى پۈتۈنلەي تۈگىتىۋەتكەن، چۈنكى ياشاشقا بولغان ئىچكى دۇنياسىنىڭ باي بولۇشى جىسمانىي جەھەتتە ھەرقانچە قىينالسىمۇ ئۇلارنىڭ روھى ئۇچرايدىغان خەتەر ۋە زىياننى ئازايتالايتتى.(1)

شوتلاندىيەنىڭ ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ

(1) men’s search for meaning. Victor .E. Frankl, page 75, beacon press , Boston.
ئىنساننىڭ ھاياتتىن مەنا ئىزدىشى، ۋىكتور . ې فرانكل ـ 75 .بەت .بېاكون نەشرىياتى .بوستون.

كۆتۈرۈپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ۋىليام ۋاللاسنى پۈتۈن دۇنيا تونۇيدۇ. باتۇر يۈرەك فىلىمنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، فىلىمدە ۋىليام ۋاللىس ھەققىدىكى ھەقىقىي ھېكايە تەسۋىرلىنىدۇ. ۋىليام ۋاللىس نېمە ئۈچۈن ئۇنى خەلقىنىڭ ئالدىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈلۈش مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلىشتىن ئاۋۋال، خانىش ئۇنىڭ مەست قىلىش ياكى ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئېلىشىغا رۇخسەت قىلسىمۇ، ئۇنداق قىلىشنى رەت قىلىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن نەخ مەيداندا ئۇنىڭ ئىچ باغرى تىرىك تۇرغۇزۇپ بىردىن - بىردىن سويۇپ ئېلىنغاندا ۋە ھەر قېتىمدا پەقەت كەچۈرۈم دېگەن بىر سۆزنى ئېيتسىلا قىيناشنىڭ توختايدىغانلىقى تەلەپ قىلىنغاندا، ھەتتا پۈتۈن خەلق چىدىيالماي كەچۈرۈم دېگەن سۆزنى تەكرارلىغاندىمۇ كەچۈرۈم دېگەن شۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئېيتىشنى رەت قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا كەچۈرۈم دېيىشنىڭ ئورنىغا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ «ئەركىنلىك!» دەپ توۋلايدۇ ۋە مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇ كەچۈرۈم سوراش ئارقىلىق بەدىنىنى قۇتقۇزۇپ خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىۋېتىشنى ئەسلا خالىمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئەركىنلىك بىلەن زۇلۇمنىڭ، ھەق بىلەن ھەقسىزلىقنىڭ، توغرا بىلەن خاتانىڭ چېگراسى ئېنىق ئىدى. مانا بۇ چېگرا، مانا بۇ قىممەت قارىشى ئۇنىڭغا ئۆزىنى مەردلەرچە قۇربان قىلىشنى تاللاتقۇزدى ۋە ئۇ غەلىبە قىلدى. گەرچە ئۇ قۇربان بولغان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، شوتلاندلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر قەھرىمانىغا ئايلىنىپ ئەركىنلىك كۈرەشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىغا سەۋەبچى بولدى.

دېمەك زۇلۇم ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىنتىقامنى پەيدا قىلىدۇ، ئەمما ئىنساننىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان قەلبىتىكى ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ ئۇنىڭ ماددىي دۇنيادىن غالىپ كېلىشىدىن ئىبارەت كۈچ - قۇدرىتىنى يېتىشتۈرىدۇ، بۇ ئىككىسى بىرلەشكەندە دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان قەھرىمانلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تارىخىدا نۇرغۇن نامسىز ۋىليام ۋاللىسلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەمما تونۇلمىغان قەھرىمانلار ئۆتتى ۋە ھازىرمۇ مەۋجۇت. مەختۇمسۇلادەك تىللاردا داستان بولغان ئەمما بىز بارا - بارا مەنىسىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان قەھرىمان ئاياللار ياشىدى ۋە بىر كۈنى مۇشۇنداق ئۇيغۇر ئايالدىن يەنە بىرى چىقىشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خورلۇققا ئۇچرىغان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرى تويلاشتۇرۇش سىياسىتى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلانغان ھەر بىر ئۇيغۇر ئايالنى كۆرگىنىمدە

دائىم شۇنداق تۇۋلىغۇم كېلىدۇ: مەختۇمسۇلا سىز قەيەردە؟

مەيلى سىز ئىمانلىق بىرى بولۇڭ ياكى ئىمانىڭىز يوق بىرى بولۇڭ، ئادالەتسىز دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە تۆھپە قوشۇش غايىسى بولىدىكەن، بۇ ئارزۇ ئۈچۈن «مەن نېمە قىلالايتتىم؟ بىر ئادەمنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟» دېيىشنىڭ ئورنىغا، مەن بىر تال دېڭىز يۇلتۇزىنى قۇتقۇزغان كىچىك بالىدەك بولالايمەن ياكى نۇرغۇن قارا چېكىتلەردىن تەركىب تاپقان ئادالەتسىزلىك ئىچىدىكى بىر تال چېكىتنى ئۆچۈرۈۋېتەلەيمەن دېيەلىسىڭىز ۋە ئۆزىڭىزدىن مەن قانداق كىچىك ئىشلارنى قىلالايمەن؟ قىلىۋاتىمەن ياكى قىلماقچى؟ دەپ سورىيالىشىڭىز، بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان غايىنى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلىگەن بولىسىز. بىز داۋاملىق چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز، پەندى ـ نەسىھەت كىتابلىرى، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ غەلىبە قازىنىش يولىدا سۆزلىگەن مىليونلىغان نۇتۇقلار بۈيۈك چۈشلەرنى كۆرەلىگەن ئىنسانلارنىڭ بۈيۈك ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەندە، بىز باشقىلارنى ئۆزىمىزگە تەقلىد قىلىش بىلەن ئاۋارە بولدۇق. گەرچە ھېچكىمنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ باقمىغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ھەرىكىتىنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەن دېڭىز يۇلتۇزلىرىنى قۇتقۇزغان كىچىك بالىنىڭ ھېكايىسىدىكى روھ مەندە يوق ئىكەنلىكىنى تاكى مەن ئۇ ھېكايىنى ئاڭلىغانغا قەدەر مەندە يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم يەنە نۇرغۇنلىرىمىزدا يوق بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر سىز كۈندىلىك ھاياتىڭىزدا قىلىۋاتقان ھەر بىر كىچىك ئىشنى، مەن ئاشۇ ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن دېيەلمەي ياشىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا تۆۋەندىكى مەشىقنى ئىشلەپ كۆرۈڭ، ئادەتتە بۇ خىلدىكى مەشىقلەر پسىخولوگلار تەرىپىدىن شەخسنىڭ بىرەر ئىشتا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بولۇپ، مەن بۇ يەردە توختىلىۋاتقان مەسىلىگە ئاساسەن قايتا تۈزۈپ چىقتىم:

1. ئۆزىڭىزدە بار بولغان ئەڭ مۇھىم قابىلىيەت ياكى سۈپەتتىن ئىككىنى يېزىپ چىقىڭ. بەلكىم بۇ سۈپەتلەر باشقىلار سىزدە دەرھال كۆرەلەيدىغان سۈپەتلەر بولۇشىمۇ ياكى ھەممە ئادەم ھېس قىلالىغان قابىلىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: باشقىلارنى چۈشىنىش قابىلىيىتىم ئۈستۈن، سۆزلەش ئىقتىدارىم يۇقىرى، تىرىشچان خاراكتېرىم بار، ئىجادچانلىقىم يۇقىرى، تېببىي ساھەدە

نەتىجە ياراتتىم، بالا تەربىيەلەش ماھارىتىم بار، ئاق كۆڭۈل بىرىمەن، ئادۇوكاتلىق قىلالايمەن، مەن تامچى، يەر ـ مۈلۈك تىجارىتى قىلالايمەن، مەن رەسسام گۈزەل سەنئەتنى سۆيىمەن ياكى مەن تىجارەتچى، پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلىمەن... دېگەندەك.

2. ئۆزىڭىزدە بار بولغان بۇ ئىككى سۈپەتنى قانداق ئىپادىلەۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆرۈڭ. مەسىلەن: سىز ئاق كۆڭۈل بىرى بولسىڭىز، بۇنىڭ باشقىلارغا قانداق پايدىسى بولدى؟ مىللىتىڭىزگە قانداق پايدىسى بولدى؟ ئەگەر ئاق كۆڭۈللىكىڭىز ھەممىلا ئادەمنى سىزگە ئىشەندۈرەلىسە، ئۇ ھالدا مەن ئاق كۆڭۈل دېگەن سۈپەتنىڭ ئاستىغا «باشقىلار ماڭا ئىشىنىدۇ» دەپ يېزىڭ. ئەگەر سىز تېببىي ساھەدە نەتىجە ياراتقان بولسىڭىز، سىزنىڭ بۇ نەتىجىڭىز ئۆز مىللىتىڭىزگە قانچىلىك مەنپەئەت يەتكۈزدى؟ ئاستىغا «نۇرغۇن كىسەللەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزدۇم»، «ئۇيغۇرلارنى ھەقسىز داۋالىدىم» ياكى «ئۇلارغا دوختۇرخانا ئېچىپ بەردىم» دەپ يېزىڭ.

3. ئۆزىڭىزنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىڭ ۋە پۈتۈن غەم ـ ئەندىشەم توسالغۇلار توگىدى، خالىغىنىمنى قىلالايمەن. ئۆز ۋەتىنىمدە ئۆز خەلقىمنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ۋە ئەركىن ياشاۋاتىمەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

4. قەلەمنى قولىڭىزغا ئېلىپ، يۇقىرىقى ئۈچ تېمىنى بىرلەشتۈرۈپ ھاياتتىكى مەقسىتىڭىزنى يېزىپ بېقىڭ. مەسىلەن: «مېنىڭ مەقسىتىم ـ ئاق كۆڭۈل خاراكتېرىمدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ۋە كەلگۈسىدىكى خاتىرجەم گۈزەل شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن كىشىلەردىن ئىئانە توپلاش فوندى قۇرۇپ چىقىش».

5. مېنىڭ مەقسىتىم: «ئادۇوكاتلىق خىزمىتىمدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پاناھلىق ۋە كۆچمەنلىك مەسىلىلىرىگە ياردەم قىلىش، بۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى گۈزەل شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئەركىن دۆلەتلەردە ئۆزىنى كۈچلەندۈرەلەيدىغان ئۇيغۇر توپلۇمىنىڭ ئولتۇراقلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش».

6. «مەن ئىنتايىن ساغلام ۋە كۈچلۈك بەدەن قۇۋۋىتىمدىن ئىبارەت ئارتۇقچى ـ لىقىمدىن پايدىلىنىپ، ھەربىي ئىستراتېگىيە مەكتىپىگە كىرىشكە تىرىشىمەن ۋە

بۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھۇل سالىمەن».

ئۆزىڭىز ئۈچۈن يېزىپ چىقىلغان بۇ مەقسەتنى، ھەر دائىم كۆزىڭىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر يەرگە يوغان قىلىپ يېزىپ، ئېسىپ قويۇڭ ۋە ھەر كۈنى ياد ئېتىپ تۇرۇڭ. بۇ مەشىقنى ئىشلەش ھەرگىزمۇ قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ پىلانلارنى، ئۇلۇغ غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش ۋە ئىشىڭىزغا ئوتتەك قىزغىنلىق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئوتتەك قىزغىنلىقى باركىشىلەردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھېكايىنى دىققىتىڭىزگە سۇنىمەن:

بىر كۈنى بىر ياش يىگىت گىرېتسىيەلىك مەشھۇر سىياسىيون ۋە پەيلاسوپ سوقراتتىن: «غەلىبىگە قانداق يېتىش كېرەك؟» دەپ سوراپتۇ. سوقرات ئۇنىڭغا: «مەن بىلەن ماڭ، ساڭا غەلىبىگە قانداق يېتىشنى كۆرسىتىپ قوياي؟» دەپ بىر دەريانىڭ بويىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئاندىن يىگىتكە ئۆزى بىلەن بىرگە دەرياغا كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. دەريانىڭ يېرىمىغا كېلىپ سۇ ھەر ئىككىسىنىڭ بويىنىغا كەلگەندە، سوقرات تۇيۇقسىز ھېلىقى يىگىتنىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ بېشىنى سۇغا باستۇرۇپ مىدىرلىغىلى قويماپتۇ. ھېلىقى يىگىتنىڭ يۈزى كۆپ - كۆك كۆكىرىپ، ئۆلگىلى تاس قالغاندا سۇدىن چىقىرىپتۇ. ئۇ يىگىت ئاچچىقلاپ: «نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ئەپەندىم؟» دەپ سورىغان ئىكەن، سوقرات: «سەن بايا سۇنىڭ ئىچىدە تىنالمايۋاتقىنىڭدا، دۇنيادا ھەممىدىن بەك نېمىنى ئارزۇ قىلغانىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. يىگىت دەرھال: «ئەلۋەتتە، ھاۋا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سوقرات: «سەن غەلىبىنى، بايا تىنالمىغاندا ھاۋانى ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ئەنە شۇنداق ئارزۇ قىلغىنىڭدا ئاندىن ئۇنىڭغا يېتىسەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەگەر ھەممە ئۇيغۇر، ھەتتا ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتىدا غەلىبە قىلغان ئۇيغۇرلارمۇ مۇستەقىل ۋەتىنىنى، ئۇنىڭغا يېتىشنى، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولۇشنى ۋە شۇ دۆلەتكە ئوتتەك ئاشىق بولۇشنى، خۇددى سۇنىڭ ئىچىدە تىنالمايۋاتقىنىدا ھاۋاغا تەشنا بولغاندەك كۈچلۈك شەكىلدە ئارزۇ قىلغان ۋە پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاشۇ ئارزۇ ئۈچۈن باشلىغان بولسا ئىدى، نەتىجە قانداق بولاتتى؟ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى...

# ئىككىنچى باب

# يۇيۇلغان مېڭە

بىز يۇقىرىدا ئەركىنلىك ۋە مىللەتچىلىك ھەققىدە توختالدۇق ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىپ غايە تىكلەش ھەققىدە ئىزدىنىپ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار بىر مىللەت سۈپىتىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقانلىقتىن، ئەركىنلىك ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا خىتايلارنىڭ مېڭىمىزنى قانداق پروگراممىلاۋاتقانلىقى، پروگراممىلانغان مېڭىنى قايتا تۈزگىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ھەققىدە توختالماي تۇرالمايمىز.

خىتاينىڭ مېڭە يۇيۇشى روسلاردىنمۇ بۇرۇن باشلانغان. ئامېرىكىلىق بىر ژۇرنالىست بىرىنچى بولۇپ خىتايچىدىكى «洗脑» دېگەن بۇ سۆزنى «Brainwashing» يەنى «مېڭە يۇيۇش» دەپ ئىشلەتكەن. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى يۇيۇش، تازىلاش دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى يۇيۇش، تازىلاشتىن ھالقىپ، يۇيۇلغان مېڭىنى ئۆز خاھىشى بويىچە پروگراممىلاش ئېلىپ بارىدۇ. خىتايدىكى مېڭە يۇيۇش باشقا دۆلەتلەردىكىدەك، مەسىلەن: ئامېرىكا كورىيە ئۇرۇشىدا ئىشلەتكەن مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتىدەك، مەلۇم مەزگىلدىكى مۇئەييەن مەسىلىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن ھەربىي ئەمەلدارلار، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئورگانلىرى، ئىشچى - دېھقانلار، تېببىي ساھە ۋە باشقا ساھەلەرگە ناھايىتى سىستېمىلىق ھالدا تەشكىللىك كىرگۈزۈلگەن مېڭە پروگراممىلاش ھەرىكىتىدۇر ۋە بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى قايتىدىن ياساپ چىقىشتۇر.

بۇ ھەركەتنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي ئېتىقادىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ناھايىتى قىيىن بولغانلىقتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەھشىي ھالدا ئۆزلۈكسىز غالجىرلىق بىلەن دىنىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىش بىلەن باشلىغان. خىتاي ھاكىمىيىتى دىنىنى چەكلەش بىلەن بىرگە، مېڭە يۇيۇش ھەركىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى ۋە ئېلىپ بارماقتا.

# خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مېڭە يۇيۇش تاكتىكىلىرى

ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن خىتاي خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسىدىن تۈر جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مېڭە يۇيۇش ھەركەتلىرى جاھان چۈشىنىشى تەس بولغان مەخسۇس «بەش ئالتۇن ئاچقۇچ تۈزۈمى» سۈپىتىدە يولغا قويۇلدى. ۋەھشىيلىكى، ئۆزلۈكسىزلىكى ۋە غالجىرلىقى جەھەتتە خىتايلارغا قارىتىلغان مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولماقتا. مېڭە يۇيۇش ھەركىتى ئادەتتە تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

## 1. زومىگەر رەھبەرلىك

ھەرقانداق مېڭە يۇيۇش ھەركىتى، بويسۇندۇرغۇچىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن زومىگەر رەھبەرلىك ئۇسۇلى (Dictarorial Leadership) بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى بۇ خىل رەھبەرلىك خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ناھىيە - يېزا بازارلىرىغىچە، مەكتەپ، ئىدارە ئورگانلارغىچە تەشكىللىك قوندۇرۇلغان كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

# 2. بۇرمىلاش

مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى، مېڭىدىكى ئەسلى بار بولغان ئۇچۇر ـ چۈشەنچە، ئىدىيە ۋە ئاڭنى يۇيۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرمىلانغان يېڭى ئۇچۇر ـ چۈشەنچە، ئاڭ ۋە ئىدىيەلەرنى دەسسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بۇرمىلاش ـ ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاش، ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاش... قاتارلىقلاردا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. مەسىلەن: جاڭ چۈنشيەننىڭ ئاتالمىش «بەش ئالتۇن ئاچقۇچ سىياسىتى» ئىچىدىكى دىنغا دىن بىلەن قارشى تۇرۇش، مەدەنىيەتكە مەدەنىيەت بىلەن قارشى تۇرۇش، تېررورغا تېررور بىلەن قارشى تۇرۇش، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن قارشى تۇرۇشنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك بۇرمىلاش شەكلىنى ئالغان.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مېڭە يۇيۇش تاكتىكىلىرى، ئۆز خەلقى بولغان خىتايلارغا قاراتقان مېڭە يۇيۇش تاكتىكىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى ۋە ياشاۋاتقان مۇھىتى، مىللىي خاراكتېرىگە ئاساسەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، خىتايلارغا قارىتىلغان مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى ھەققىدە ئايرىم توختالمايمىز.

زومىگەرلىك بىلەن بويسۇندۇرۇش ۋە بۇرمىلاشنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مېڭە يۇيۇش تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا:

## 1 ـ يېتىم قالدۇرۇش

ئۇيغۇرلارنى تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىپ، مۇجاھىدلارنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى ھەتتا ئۆز خەلقى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ باستۇرىدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىش.

ئۇيغۇر قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى تېررورىزمغا باغلاش، تېررورىزمدىن نەپرەتلىنىۋاتقان دۇنيا خەلقىنى ئۇيغۇر قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلماسلىق مەقسىتىگە يېتىش. مانا بۇ ئىككى مەقسەتكە خىتاي ھۆكۈمىتى

بۆگۈنكى كۈندە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا نىسبەتەن ۋەزىيەت ۋە پاكىتنى بۇرمىلاش ئارقىلىق يېتىۋاتقان بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا زومىگەرلىك ۋە بۇرمىلاش ۋاسىتىسىنىڭ ھەر ئىككىسىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىگە كۆتۈرۈپ، قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى خاتا دەپ ئاغرىنىش ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلاردا پۈتۈنلەي يوق بولغان مەسىلە ئەمەس. ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازى بولغان ياكى قارشى بولغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنى كۆرسە ئۇنى ئۆزى باش بولۇپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدىلەر بېرىپ نۇتۇقلار سۆزلىمەكتە، بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەجبۇرلۇقتىن ۋە ئامالسىزلىقتىن سۆزلەنسىمۇ بەزىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئىچىدىن چىقىرىپ سۆزلەنگەنلىكى ئېنىق. خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە ئاتالمىش ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە قارشى تۇرۇش شوئارلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە سادىق بولمىغان سەپداشلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە سېتىش ۋە پاش قىلىشقا مەجبۇرلىغان.[1]

بۇنىڭدىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى، خەلقنىڭ ئىچىدىكى يۈز ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە قارا چاپلاش ئارقىلىق ئۇلارنى جامائەتتىن ئايرىۋېتىش، ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرىگە ئىشپىيون كۆرسىتىپ، بۆلۈپ كونترول قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ كەلدى.

ھازىر تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئىستىقلال تېلېۋىزىيىسىنىڭ مۇخبىرى ئابدۇرېھىم پاراچ ئەپەندىنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن سۆزلەپ بېرىشىچە ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق بىر ۋەقەگە گۇۋاھچى بولغان:

2005 - 2006 - يىللىرى ئىدى. مەن ئاتۇش، ئاقتۇ، بارىندا ئىدىم. شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ئوبۇلقاسىم ئىسىملىك بىر دوستىمىز بار ئىدى. ئۇ دىنىي جەھەتتىلا بىلىملىك بولۇپ قالماي، ئىقتىدارلىق، غۇرۇرلۇق، مىللەتپەرۋەر بولۇپ، شۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ئالدى ئىدى، خىتاي مۇستەملىكچىلىكىگە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ياشلارنىڭ باشلامچىسى دېيىشكە بولاتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى داۋاملىق ئۇنى تۇتۇپ بىر - ئىككى ئاي سولاپ

(1) http://www.reuters.com/article/us-china-xinjiang-security-idUSKBN17C0HJ

قوياتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن ھېچقانداق قوسۇر تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يەنە قويۇپ بېرەتتى. لېكىن يەنە ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي داۋاملىق چاقىرىپ سوراق قىلىپ تۇراتتى. ئارىمىزدىكى بىر دوستىمىزنىڭ ئاكىسى خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە ساقچىسى بولۇپ، ئۇ بىر كۈنى دوستىمىزغا: «سەن مېنىڭ قېرىندىشىم، ساڭا خەۋپ يېتىشنى خالىمايمەن. ئوبۇلقاسىمدىن ئۇزاق تۇرغىن، ئۇ سىلەرنى ئاغزىغا قارىتىپ يۈرگىنى بىلەن بىزنىڭ ئادىمىمىز، خىتايغا ئىشلەيدۇ. بىزگە ھەممە ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى ھەممىڭىزنى بىراقلا سىرىپ - سۈپۈرۈپ تۇتىمىز، ئۇ چاغدا سەنمۇ ئىلىشىپ قالمىغىن» دەپتۇ. دوستىمىز كېلىپ ساقچى ئاكىسىنىڭ دېگەنلىرىنى بىزگە ئېيتقاندىن كېيىن، بىز ھەممىمىز «ئاكىسى ئۆز قېرىندىشىغا يالغان گەپ قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمان قىلىشقا باشلىدۇق. دەل مۇشۇنداق گۇمان قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا، ئوبۇل قاسىمنىڭ ھەر ھەپتىسى ساقچى ئىدارىسىگە چاقىرتىلغانلىقىنى ۋە سوراق قىلىپ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەن شۇ كۈنى ئۇ كوچىدا كۆرگەن پاراڭلاشقان ياشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇق. بىر ئاي ئىچىدە مۇشۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىپ 20 - 30 ئۇيغۇر ياش بىر مەھەللىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ بولدى. بىز ئوبۇلقاسىمنىڭ خىتايغا ئىشلەيدىغانلىقىنى ھەممىمىز جەزملەشتۇردۇق: «ئەگەر ئۇ خائىن بولمىسا نېمە ئۈچۈن خىتاي ئۇنى سوراق قىلىپ قويۇپ بېرىدۇ؟ ئۇنى تۇتمايدۇ، يۇ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى تۇتىدۇ؟» بىز ئۇنى كوچىدا كۆرسەك سالام قىلمايدىغان ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قارايدىغان بولدۇق. ئۇ شۇنداق خار ئەھۋالدا قالدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى كۆرسە خائىن دەپ تىللاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ھالغا كەلدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. بىز كېيىن ئۇنىڭ خىتايغا ئىشلىمەيدىغانلىقىنى خەلقتىن، خەلقنىڭ سويگۈسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن ئازابلىنىپ يۈرەك كېسىلى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆگەندۇق.

يۈركى مۇجۇۋېتىلگەن ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى كىچىكىدىنلا «ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشما. ئارچىغا ئالتە تاياق. خىتايلار بىرلىشىپ بىرنى تۈكۈرسە بىز ئۇيغۇرلار چۆمۈلۈپ قالىمىز. خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ

توغرا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ توغرا - خاتا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ توغرا. بىزنىڭ ئۇلارغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ» دەپ چوڭ قىلىدىغانلىقى، بۇنداق تەربىيە قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ياردەمچىسىز ئەھۋالىنى ھېس قىلغان ئاز - تولا ئوقۇمۇشلۇق، خىتاي دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى مائاشقا باغلانغان ئاتا - ئانىلار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇنداق ئاتا - ئانىلار يېتىشتۈرگەن باللاردا ھەقسىزلىق تۇيغۇسى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھەقسىزلىق تۇيغۇسى بولغان تەقدىردىمۇ جۈرئەت بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە چىشىنى چىشلەپ قاراپ تۇرۇشقا ياكى ھېس - تۇيغۇدىن ئايرىلغان ھالدا، پەرۋاسىز ئۆتۈپ كېتىشكە، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مەجبۇر.

بىر مىللەتنى جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلۈش يوقىتالمايدۇ، مەدەنىيەتتىن ۋە ئېتىقادتىن ئايرىلىپ قېلىش بىر مىللەتنى مىللەت بولۇپ تۇرۇشتىن يوق قىلىدۇ، ئەمما ھېس - تۇيغۇدىن ئايرىلىپ قېلىش بولسا بىر مىللەتنى ئىنسان بولۇشتىن ھەتتا جانلىقلار تىپىدىن بولۇشتىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېس - تۇيغۇدىن يىراقلىشىشى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقاندا ۋە بۇ داۋاملىشىش ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا كۆچكەندە، بۇ ئىنسان پىسخولوگىيەسىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەقسىزلىقلارغا ئامالسىز قالغاندا، ئويلاش سىستېمىسىنى توڭلىتىۋېلىش ئارقىلىق مېڭىسى بىلەن تۇيغۇسى ۋە ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا تام پەيدا قىلىپ، روھىنى ئازابلىنىشتىن قوغدىماقچى بولۇشتىن ئىبارەت پەرۋاسىز ئىنكاستىنمۇ ھالقىپ، تۇيغۇنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ ئۆلۈش مەڭگۈلۈك بولمىغان تەقدىردىمۇ خىتاي كونتروللۇقى يوقىغانغا قەدەر داۋاملىشىشى مۇمكىن.

مۇھەببەت - نەپرەت ۋە ھېس - تۇيغۇسىز ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئانىسىنى ئۆلتۈر دېسە ئۆلتۈرگەن قۇل ماڭقۇرتلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ بۇلارنى ئويلىغىنىمدا ھەر دائىم، جەمئىيەتشۇناس ئالىملار ئېلىپ بارغان تۆۋەندىكى بىر مەشھۇر تەجرىبە ئېسىمگە كېلىدۇ:

ئالىملار بەش مايمۇننى تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆيگە سولاپ، ئۆيدىكى تۈۋرۈكنىڭ ئۈچىغا بىر باغلام باناننى ئېسىپ قويۇپتۇ. باناننى ئېلىش

ئۈچۈن بىر مايمۇن تۈۋرۈككە ياماشقاندا، تەجرىبە قىلغۇچىلار دەرھال ھەممە مايمۇننىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ تۆكۈپ، مايمۇننى تۈۋرۈكتىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. كېيىن باشقا بىر مايمۇن ياماشقاندا يەنە شۇنداق قىلىپتۇ. 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ مايمۇنلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىپ سۇ تۆكۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى ياماشىشتىن قورقۇپ جىم تۇرۇپتۇ. تەجرىبە قىلغۇچىلار تۈۋرۈككە ياماشقان بىرىنچى مايمۇننىڭ ئورنىغا باشقا بىر يېڭى مايمۇننى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئىكەن، ئۇ يېڭى مايمۇن سۇ تۆكۈلىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە دەرھال دەرەخكە يامىشىپتۇ. لېكىن كونا تۆت مايمۇن ئۇنى ئۇرۇپ ياماشقۇزماپتۇ. تەجرىبە قىلغۇچىلار، ئۇنى ئۇرغان تۆت مايمۇننىڭ ئىچىدىكى بىر مايمۇننى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا يېڭىدىن يەنە بىر مايمۇن ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇمۇ تۈۋرۈككە ياماشماقچى بولغان ئىكەن، كونا ئۈچ مايمۇن ۋە باشتا تاياق يېگەن مايمۇن بىرلىشىپ ئۇنى ئۇرۇپ كېتىپتۇ. قىزىقارلىق يېرى سۇ تۆكۈلگەننى كۆرمىگەن، ئەمما بىرىنچى قېتىم تاياق يېگەن مايمۇنمۇ، ئىككىنچى مايمۇننى باشقىلار بىلەن بىللە ئۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سۇ تۆكۈلگەندىن قورقۇپ كەتكەن مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئالماشتۇرۇلۇپ بولغاندىمۇ، مايمۇنلار ئاخىرقى ئالماشقان مايمۇنغىچە تۈۋرۈككە ياماشقان مايمۇننى ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە ھېچقايسى مايمۇن تۈۋرۈككە ياماشماس بوپتۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ھالغا ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە بىزنى ئەڭ چۆچۈتىۋاتقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىش ئارقىلىق ئولتۇرۇپ تۈگىتىش مەقسىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قارشىلىق كورسەتكۈچى قەھرىمانلارنى يېتىم قالدۇرۇپ يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدۇر. خۇددى ئالدىنقى بەش مايمۇن سوغۇق سۇ تۆكۈپ قورقىتىۋېتىلگەچكە، كېيىنكى سوغۇق سۇنى كۆرۈپ باقمىغانلىرى ئۈچۈن دەرەخكە ياماشقان مايمۇنلارنى ئۇرۇپ ياماشتۇرمىغاندەك، خىتاي ئۆز قولى بىلەن يوقىتىشقا ئاماللىسىز قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ جاسارىتىنى، سوغۇق سۇ تۆكۈپ قورقۇتىۋەتكەندەك قورقۇتۇلغان باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئارقىلىق يوق قىلماقچى ئىكەنلىكى ئېنىق.

## 2 ـ تېررور پەيدا قىلىش ۋە تاشقى تەسىردىن ئايرىۋېتىش

زۇلۇم قىلىش ۋە باستۇرۇش، ئۆزلىرىگە قارشى بولغان ھەرقانداق ئىدىيە، سۆز ۋە ھەرىكەتنى قاتتىق باستۇرۇش، قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە تۈرمىگە تاشلاش، بۇ ئارقىلىق باستۇرۇلغۇچىنىڭ زېھنىيىتىدە ئۇنتۇلماس قورقۇنچ (trauma) پەيدا قىلىش؛ سۆز ئەركىنلىكى، تاشقى دۇنياغا باغلىنىش ئەركىنلىكى ۋە تور ئەركىنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرى ياراتقان تاشقى مۇھىت ۋە ئىدىئولوگىيىسىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئىدىيە ياكى سىستېمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى قاتتىق كونترول قىلىش ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈش، خىتاينىڭ مىڭە يۇيۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللىنىدىغان ۋاستىلىرىدىن بىرىسىدۇر. بۇ مېتودلار ئارقىلىق كونترول قىلىنغۇچىلارنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيەنىڭ يېڭى ئىدىيە تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ تازىلىنىشىغا يول قويماسلىق، سىرتتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى، ئادەتتە تۈرمە ئىچىدىكى مەھبۇسلارغا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئوچۇق تۈرمىگە ئايلانغان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ چارىلەرنى ئىشلەتمەكتە. Google، YouTube، FaceBook لارنىڭ چەكلىنىشى، ھېچقانداق بىر پىكىر ئەركىنلىكىگە يول قويۇلماسلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئۇيغۇر خەلقى پەقەت خىتاي ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىدىكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بۇرمىلانغان خەۋەرلەرنىلا كۆرەلەيدىغان بولۇپ، باشقا بىر دۇنيانىڭ كۆزى بىلەن دۇنيانى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە ئەمەس. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىشىنى قاتتىق قامال قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا پاسپورت ئىشلەپ بېرىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار نۇرغۇن پۇل خەجلەش، پارا بېرىش ئارقىلىق پاسپورت ئىشلىتىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى پاسپورتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ سىرتقا قېچىپ چىقىپ كېتەلمىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى زومىگەرلىك بىلەن يىغىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ساياھەت قىلىش ھوقۇقىنى چەكلىدى.(1)

بالىلىرىنىڭ خىتاي مائارىپىدا مېڭىسىنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىشىدىن ۋە ئاخىرىدا

(1) http://www.rfa.org/english/news/uyghur/xinjiang-passports-10202016144107.html

خىتايلىشىپ كېتىشىدىن ياكى خىتايلار تەرىپىدىن بالا ـ قازاغا، دۈشمەنلىككە يولۇقۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار بىر قانچە يىلدىن بېرى پۈتۈن ئەسلى ۋەسلىنى سېلىپ بېرىش بەدىلىگە بالىلىرىنى خىتاي سىرتىدىكى دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقىرىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىققان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشىدىن، مەيلى ئۇلار قايتىپ كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ئەركىن دۇنيانىڭ تەمىنى تېتىپ ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئىدىيىسى تەرەققىي قىلىدىغانلىقتىن بەرىبىر خىتايغا دۈشمەن بىر تۈركۈم كۈچ بولۇپ يېتىشىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەن خىتاي ھۆكۈمىتى 2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ مىسىر، تۈركىيە، كانادا، ياپونىيە قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلىدى. شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلار بىۋاستە ئىگە بولغان ئۇچۇرلار ۋە مەن ئۆزەم شەخسەن ئىجتىمائىي تور ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىپ ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ساقچىلىرى ھەر بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ بالىلىرىغا



مىسىر تورا تۈرمىسى _ ئا.پ - خالىد ئەلدەسۇقى

تېلېفون قىلغۇزۇپ «بالام تېزدىن قايتىپ كەل، 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن بۇرۇن قايتىپ كەلمىسەڭ مېنى تۈرمىگە تاشلايدىكەن» دېگۈزگەن ۋە پۈتۈن سۆزلىشىش جەريانىنى ئۇن ـ سىنغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئىگەللىشىمىزچە مىسىرنىڭ ئۆزىدىلا 5000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ، 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ كەتكەن. ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە 300 ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇرۇمچى ئايرىدورومىدا ئايروپىلاندىن چىقىشى بىلەنلا تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە ئىز ـ دېرەكسىز ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولسىمۇ قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى، ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغانلىقى نامەلۇم. مىسىر، ياپونىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە پاناھلىق تىلەش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە نۇرغۇنلىرى ئامالسىز كېيىنكى تۇرمىگە كىرىش، ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىگە قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولسا، يەنە نۇرغۇنلىرى، ۋىزىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ئەھۋال ئاستىدا قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولماقتا.

## 3 ـ تۈرمىدە مەجبۇريي ئىقرار قىلدۇرۇش، قەسەم قىلدۇرۇش ۋە تەۋبە قىلدۇرۇش

بۇ مېتود ئاساسەن تۇتقۇن قىلىنغان تۈرمە ئىچىدىكى مەھبۇسلارغا ئىشلى ـ تىلىپلا قالماي، بەلكى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى ئىشتىن سىرتقى سىياسىي ئۆگىنىش پروگراممىسى باھانىسىدە مەجبۇريي يىغىۋېلىشتىمۇ قوللىنىلىدۇ. خىتاينىڭ مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى كار قىلمايدىغان كىشىلەر ئاساسەن ئۈچ خىل بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**ئا) باش ئەگمەي قارشى چىقىدىغانلار:** بۇلار خىتاي سىياسىتىدە «ئۆزگەرمەس ئۇنسۇر» دېگەن ناھايىتى كونا قالپاق بىلەن ئاتىلىدىغانلار بولۇپ، ئاقىۋىتى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىش، سىياسىي ئۆگىنىش سورۇنلىرىدا بولسا تۇتقۇن قىلىنىش خەۋپىگە ئۇچراپ كېلىۋاتماقتا. شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەتلىك كېسىلىپ كەتمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارغا مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسىنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپمۇ يۈرمەيدۇ. مەسىلەن: غۇلجا ۋەقەسىنىڭ يول باشچىسى ئابدۇخېلىل ۋەھشىيلەرچە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغاندىمۇ قىلچە يالۋۇرمايدۇ. خىتاي ساقچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىدۇ. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان سوت مەيدانىدا تۇتقان يولىدىن ھەرگىز يانمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ھەقىقەتنىڭ ئۇيغۇرلار تەرەپتە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باش ئەگدۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى تەۋھىد ئۇقۇمى ئېنىق بولغان ئېتىقادى مۇستەھكەم كىشىلەردۇر. جىسمانىي جەھەتتىكى قىيىن - قىستاق ھەرقانچە ۋەھشى بولغان تەقدىردىمۇ پەيدا قىلىدىغان يارا، ئىنسان روھى تۈگەشكەندە پەيدا بولىدىغان ياردەك زەھەرلىك بولمايدۇ. يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرالايدىغانلار. ئوخشاشلا، ھەققانىيەت ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغانلار ئۈچۈن جىسمانىي زۇلۇم ھېچنەرسە ئەمەس، چۈنكى ئىنسان ھەقسىزلىققا ئۇچرىغاندىكى ئاچچىق تاياقنىڭ ئاچچىقىدىن ئېغىر بولىدۇ. مەسىلەن: 2007 - يىلى فېۋرالدا غۇلجا ياشلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ناھەقچىلىكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان نامايىشىغا باشلامچىلىق قىلغان ئابدۇلھەمىتنىڭ سوراق جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۆزى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ گاچا بولۇۋېلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىدۇ، خىتاينىڭ ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بارغان قىيىن - قىستاقلىرىغا ئەنە شۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىپ تىز پۈكمەي ئۆلتۈرۈلىدۇ. يەنە كېرەم قارى، ئىلھام توختى قاتارلىق نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىزمۇ بۇنىڭ مىسالى.

كېرەم قارى دىنىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن 1991 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1993 - يىلى سوت ئېچىلىپ 12 يىل كېسىلگەن بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە جازا مۇددىتى قايتا - قايتا ئۇزارتىلىپ قويۇپ بېرىلمىگەن[1]. خىتاي ئۇنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئېغىر ھالدا ناچارلىشىپ كەتكىنىگە قارىماي، خەتەرلىك ئادەم دەپ قاراپ داۋاملىق تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى قارار قىلغان. ئادەتتە، قويۇپ بېرىلىش - بەرمەسلىكى ئېنىق بولمىغان، ئۆزىنىڭ زادى يەنە قانچىلىك ياتىدىغىنىنى بىلەلمىگەن كېرەم قارىغا ئوخشاش مەھبۇسلار ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بىراقلا تۈگىشىپ تېز ئۆلۈپ كېتىدىغان بولۇپ، ئېتىقادى كۈچلۈك مەھبۇسلار بولسا ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆز تەقدىرىنىڭ ياراتقۇچىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئىلھام توختى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇش شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە تونۇلغان پروفېسسور، ئىقتىسادشۇناس ۋە يازغۇچى ئىدى. ئۇ

(1) http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/kerem-abduweli-08232012154652.html

2006 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئونلايىن توربېتىنى ئېچىپ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. شۇنداقلا، خىتاي قانۇنلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۆز قانۇنىنى ئۆزى ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى بۇ قانۇنلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇرلارغا بېرىلمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خىتاي ھۆكۈمىتىنى يۈرەكلىك ھالدا كەسكىن تەنقىد قىلغان. 2010 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلھام توختىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىنى چەكلىگەن بولۇپ، 2010 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇنى تۈركىيە ئىزمىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان تۈرك مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىغا بارغىلى قويمىغانلىقى ۋە 2013 ـ يىلى ـ2 ئايدا ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ بىلىم ئاشۇرۇشىنى توسۇپ ئايروپىلانغا چىققىلى قويمىغانلىقى خەلقئارادا ۋە دۇنيا ئاكادېمىكلىرى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا قوزغىغان. نەتىجىدە ئىلھام توختى خەلقئاراغا تېخىمۇ تونۇلۇشقا باشلىغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 2014 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلھام توختىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋەياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان «بۆلگۈنچىلىك» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ رەسمىي شەكىلدە قولغا ئالغان. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ پەرھات خالمۇرات، شۆھرەت تۇرسۇن، ئابدۇلقەييۇم قاتارلىق ئۈچ ئوقۇغۇچىسىمۇ قولغا ئېلىنىپ ئايرىم «بۆلگۈنچى»، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىغان دېگەن باھانە بىلەن ئىز ـ دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىلگەن. ئىلھام توختىغا تۈرمىدە ھالال تاماق بېرىلمىگەنلىكتىن، ئىلھام توختى قارشىلىق كۆرسىتىپ 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە 10 كۈن تۈرمىدە ئاچلىق ئېلان قىلغان. گەرچە ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۆزىگە ئېغىر جىنايەت ئارتىلغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ سوت مەيدانىغا ئىنتايىن ئەركىن، كۈلۈمسىرەپ كىرىپ خۇددى سىنىپتا دەرس سۆزلىگەندەك جانلىق ئېنىق سۆزلىگەن.[1] ھېچقاچان مىللەتنىڭ ئالدىدا، روھىنى چۈشۈرۈپ مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى ئۈزۈشنى خالىمىغان. 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سوت ئېچىلىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندا ئۇ مەردانىلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

(1) ئىلھام توختىنىڭ بىئوگرافىيىسى _ ئامېرىكا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى.
https://pen.org/advocacy-case/ilham-tohti/

«مېنى بۆلگۈنچى دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىدىڭ. ئەگەر بۇ زېمىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، مەن بۆلگۈنچى بولسام، نېمە ئۈچۈن بۇ زېمىندا بىگىتۈەن تۇرغۇزۇلىدۇ؟ جۇڭگوغا مەنسۇپ بولغان قايسى بىر ئۆلكىدە بىگىتۈەن دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق كۆپ ھەربىي كۈچ تۇرغۇزۇلدى؟» دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىشاتقانلىقىدىن قەتئىي يانمايدۇ.

ئىلھام توختىغا ئوخشاش تۇردىكى خىتاي تەرىپىدىن بۆلگۈنچى، يەنى دۆلەت قۇرۇش نىيىتى بار دەپ قارالغان ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ئىلھام توختى دۇنيانىڭ دىققىتىنى كۈچلۈك دەرىجىدە تارتقانلىقى، شۇنداقلا ھەتتا خىتاي خەلقىنىڭمۇ ھېسداشلىقىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلالمىغان.

**ب) ئىقرار قىلغاندىن كېيىنكى ئاقىۋەتنىڭ قىيىن - قىستاقتىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان ۋە ئىقرار قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدىغانلار:** بۇ تۇردىكىلەر خىتايغا بولغان سادىقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇستىگە خىتاي تەرىپىدىن جىنايەت دەپ ئارتىلغان ئىقرارنامىلەرنى رەت قىلىشتىن پەرقلىنىدىغان رەت قىلىشتۇر. (سادىقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن رەت قىلغۇچىلار سادىقلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ئارتىلغان جىنايەتلەرنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقرار قىلىشنى رەت قىلىشى ئۆزىنى بارمايدىغان بولۇپ، ئۇلار قىيىن - قىستاققا چىدىماي كۆپىنچە ھاللاردا دەرھال مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇشقا ئىمزا قويىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىنتايىن سادىق بولغانلىقتىن ئۆزلىرىنى ساقچىلار تەرىپىدىن خاتالىشىپ تۇتۇلدۇم، تۆھمەتكە ئۇچرىدىم، دەپ قارايدۇ. بۇ تۇردىكىلەر «ئەزەلدىن سادىقلار» تېمىسىدا تەھلىل قىلىندى. ئەلۋەتتە تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ تۇتۇلغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلاردا ھەقسىزلىققا ئۇچرىغىنى ئۈچۈن ئويغىنىش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن نەپرەت پەيدا بولىدىغانلار بولۇپ، سادىقلار بۇنىڭ سىرتىدا).

يۇسۇف ئىمىن. شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. كېيىن يەنە قايتا تۇتۇلۇپ، 1998 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە 7 يىل كېسىلگەن.

تۆۋەندىكى يۇسۇف ئىمىننىڭ ئۆز ئېغىزى ئارقىلىق بايان قىلىنغان سوراق جەريانى:

- يۇسۇف ئىمىن سەنمۇ؟

- ھەئە، مەن.

- سەن مەلۇم كۈنى، مەلۇم سائەتتە، مەلۇم مەسچىتتە جامائەتكە سۆزلەپ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسلامىي تەبلىغ ئېلىپ باردىڭمۇ؟

- ياق.

- مەلۇم مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ كۈشكۈرتتىڭمۇ؟

- ياق.

- xxx كۈنى xxx كىشىلەر بىلەن ئاللاھ پارتىيىسى قۇرۇشقا قاتناشتىڭمۇ؟

- ياق.

- xxx كۈنى xxx جايدا تەشكىلاتنىڭ قورال - ياراق سېتىۋېلىشى ئۈچۈن xxx سودىگەردىن پۇل ئالدىڭمۇ؟

- ياق.

- ئاللاھ پارتىيىسىدىكى xxx كىشىلەر بىلەن ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پىلان تۈزدۈڭمۇ؟

- ياق.

- xxx كۈنى xxx جايدا تەبلىغ ئېلىپ بېرىپ كىشىلەرنى جىھاد قىلىشقا، شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن تېررورلۇق ئېلىپ بېرىشقا كۈشكۈرتتىڭمۇ؟

- ياق.

سوراقچى: سەن بىر دىندار ئادەم. ئۆزەڭ بىلەن مېنىڭ كۈنۈمنى سېلىشتۇرۇپ باق. ئىككىمىزنىڭ پەرقى، سەن تۈرمىدە، مەن ئەركىن. ئوخشايدىغان يېرىمىز ھەر ئىككىمىز مۇسۇلمان. مەن يېقىندا ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدىم، دىنىمغا ئەركىن ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقۇم بار. ھۆكۈمىتىمىز تىنچلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى. دىنىمىزمۇ تىنچلىقنى تەرغىب قىلىدىغان دىن. ئەگەر سەن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان بولساڭ،

دۆلىتىمىز بەرگەن تىنچلىقنى ھۆرمەت قىلغان، قالايمىقانچىلىق چىقارمىغان، ھۆكۈمەتكە قارشى تەبلىغ قىلىپ ياشلارنى بالاغا تىقمىغان بولاتتىڭ. سېنىڭ تەبلىغىڭ تۈپەيلى ئازغان ياشلاردىن قانچىسى تۈرمىدە، قانچىسى ئۆلدى بىلەمسەن؟ سەن ئۆزەڭنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دېسەڭ، قىلىۋاتقان ئىشىڭنىڭ ئىسلامغا يات ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك.

ئۇنىڭغا: «سەن قۇل بولۇشنى قوبۇل قىلدىڭ، مەن قوبۇل قىلمىدىم. سەن ۋەتەن، مىللىتىڭنىڭ غۇرۇرىنى، زېمىنىڭنى، مۇستەقىللىقنى ئەمىلىڭگە تېگىشتىڭ. سەن ئۇيغۇرلۇقتىن ۋاز كەچمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ختاي ھامان بىر كۈنى سېنىمۇ يوقىتىدۇ، نۆۋەت ساڭىمۇ كېلىدۇ، ختاي بۈگۈن ساڭا چېقىلمىغان بولسا پەقەت سەندىن پايدىلىنىش ئۈچۈنلا چېقىلمىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن ئۆزەڭنى قانداقمۇ ئەركىن دېيەلەيسەن؟ بىلىپ قويغىنكى ئۇيغۇر بولۇپ يارىلىشىمىزنىڭ ئۆزىلا ختاينىڭ كۆزىدە بىر جىنايەت. سەن ئۇمىدسىز، مۇستەقىللىقىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنمەيسەن. چۈنكى سەن ختاينىڭ كۈچىنى ئاللاھنىڭ كۈچىدىن ئۈستۈن كۆردۈڭ. بۇ ئىماندىن چىققانلىق، سەن قانداقمۇ ئۆزەڭنى مۇسۇلمان چاغلايسەن» دېمەكچى ئىدىم. ئۇنىڭغا بۇلارنى سۆزلەشنى كېرەكسىز ھېس قىلدىم. شۇڭا جاۋاب بەرمىدىم. ئۇ يەنە:

ـ دۆلىتىمىز كۈچلۈك. مۇستەقىللىق بەربىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر چۈش. تۆت توك ـ توك ئۇيغۇر نېمىسىگە ئىشىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ۋەتەننى ئازاد قىلىمىز دەيدۇ؟ ھەرقايسىڭلارنىڭ ھەربىي كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچى بارمۇ؟ قولۇڭدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق، زامانىۋى قوراللىرى بار، دۇنيانى سوراۋاتقان دۆلىتىمىز ئۈچۈن سەن تۆت توك ـ توك ئۇيغۇر كىم؟ نېمە قىلىشالايتتىڭ؟ كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ ياخشى ئويلاش. ـ دېدى.

يۈسۈف ئىمىن شۇ چاغدىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن: «بىزنىڭ سېنىڭ ختاي دۆلىتىڭدىن كۈچلۈك ئاللاھىمىز بار. ختاي خەلقىمىزگە زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنى بېسىۋالدى. ھەق بىز تەرەپتە، ناھەقچىلىك سەن تەرەپتە. ختاينىڭ زامانىۋى قوراللىرى بولغىنى بىلەن، بىزنىڭ قورال بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان روھىمىز بار» دېمەكچى ئىدىم. گەپ قىلمىدىم ئۇ چىقىپ كەتتى.

كېيىن قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندىم، ئىنسان چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغاندا كاللامغا ئاللاھقا يالۋۇرۇشتىن باشقا ھېچنەرسە كەلمىدى. ئىچىمدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تەكرارلاشتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى.

بۇ ئىشلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى مەن قىلغان ئىدىم، ئۇلار مېنى مەن قىلمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىشقا مەبۇرلايتتى. قىلغان بولسامىمۇ ئەلۋەتتە ئىقرار قىلمىغان بولاتتىم. مىركامىل ئىسمىلىك 17 ياشلىق بىر بالىنى بىكاردىنلا كوچىدا كېتىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كەپتۇ، ئۇنى ھەر كۈنى دەھشەتلىك دەرىجىدە قىينىدى. ئەسلىدە ئۇلار بىر خىتاينىڭ تاياق يېگەنلىك دىلوسىنى ئىشلەۋاتقان بولۇپ، مىركامىلنى ئاشۇ خىتاينى ئۇردۇم دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان ئىكەن. بىر كۈنى مىركامىل ماڭا، بىر ياخشى نىيەتلىك ساقچىنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇ بۇ جىنايەتنى بويىنىغا ئالسىلا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ بىرنەچچە ئاي كېسىپ جازا مۇددىتى توشقاندا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، بولمىسا قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن بەربىر بۇ يەردە ئۆزۈنىغا قالماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يول كۆرسەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى بولمىغان بۇ جىنايەتنى بويىنىغا ئالغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما مىركامىل بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. چۈنكى خىتاينىڭ ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىمىز دېگىنى يالغان ئىدى. ئەگەر ئىقرار قىلسام بەك ئېغىر جازا ئارتىلىپ كېتىدىغانلىقىمنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چېتىلىدىغانلىقىنى، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە پالتا ئۇرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

قىيىن ـ قىستاقتىن بەكرەك خىتاينىڭ ئائىلەمگە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغا زۇلۇم قىلىشى ھەممىدىن ئېغىر كەلدى. ئۇلار ئاكامنى، ئىنىمنى ۋە ئانامنى تۇتۇپ سولىغانلىقىنى، ئىقرار قىلسام ئۇلارنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئىقرار قىلمىسام ئۇلارنىڭ بىھۇدە تۈرمىدە چىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا يۈرىكىم بەك ئېچىشتى، ئەمما ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئىقرار قىلسام، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە چېتىشلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئىقرار قىلىشىمغا توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئۇلار تۇتۇلسا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە ئەگەشكۈچىلەر بۇندىن كېيىن بىزگە ئىشەنمەس، ئەگەشمەس بولاتتى. بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىنى سۇندۇراتتىم، بىر ئۆمۈر ھاياتىمنى ئاتىماقچى بولغان بىر

ئۇلۇغ نىشاندىن ۋازكېچىشىم كېرەك ئىدى. بۇ دېمەك تىرىك تۇرۇپ ئۆلدۇم دېمەك، مەنلا ئەمەس پۈتۈن مىللەت ئۆلدى دېمەك ئىدى. بەدەل تۆلىمەي ئەركىنلىككە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. مەيلى ئائىلەم، ھەتتا ئانام تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىغا، ئەركىنلىككە ئېرىشىش يولىمىزغا ئۇلارنى تېگىشمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار مەندىن رازى بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىمۇ كۆرسەتكەن پىداكارلىقىغا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل مۇكاپات بېرىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئىقرار قىلغان تەقدىردىمۇ خىتاينىڭ ئائىلەمدىكىلەنى قويۇۋېتىشىگە ئىشەنمەيتتىم، بەلكىم ماڭا چېتىپ ئۇلارغىمۇ بىر پاتمان جىنايەت ئارتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ماڭا تۈرمىدە ئۆز ئىدىيەلىرىنى تاڭغاندا ئىچىمدە قوبۇل قىلمىساممۇ قارشىلىق كۆرسەتمىدىم، ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىدىيەمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆتكەن دەرسلىرىنى قارشىلىق كۆرسەتمەي ئاڭلىدىم، باشقا ئامالىممۇ يوق ئىدى، ھەتتا كۆڭۈل قويۇپ يادلىدىم، ئالغان ئىمتىھانلىرىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كۆرە جاۋاب بەردىم».

يۈسۈپ ئىمىن، دىنىي ساھەدە بىر قەدەر يېتىشكەن، ئوقۇمۇشلۇق بولغانلىقتىن، خىتاي ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۇنى باشتا قىيىن - قىستاقتا تارتماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قايىل قىلماقچى بولغان، كېيىن نەزەرىيە ئارقىلىق مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى ئاقمىغانلىقتىن، قىيىن - قىستاققا ئېلىپ قورقۇتۇش تاكتىكىسىنى قوللانغان. تەۋھىد چۈشەنچىسى كۈچلۈك، ئىسلامىي ئەقىدىسى چوڭقۇر يۈسۈپ ئىمىنغا خىتاينىڭ قىيناشلىرى كار قىلمىغان. نەتىجىدە خىتاي يۈسۈپ ئىمىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق ئۇنى روھى جەھەتتىن ئازابلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلدۇرماقچى، بۇ ئارقىلىق ئۇنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ ۋە ئىقرار قىلدۇرۇپ ئىككىنچى باسقۇچتا مېڭىسىنى يۇماقچى بولغان. چۈنكى ئىنساننىڭ پىسخولوگىيەسىدە گۇناھكار ھېس قىلىش بىلەن پۇشايمان ۋە نەپرەت يېقىن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئەگەر يۈسۈپ ئىمىن، تۇغقانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىقرار قىلغان بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ بەدەل تۆلىيەلمىگەنلىكى، ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىققانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىپ ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايتتى. نەتىجىدە كاشكى ئىقرار قىلمىسام، كاشكى بۇ ئىشلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالمىسام ئىدىم دەپ پۇشايمان قىلغان

بولاتتى. بۇ ئەھۋال ئۇ تۇغقانلىرىنى قۇربان قىلغان تەقدىردىمۇ تۇغقانلىرىمغا يۈز كېلەلمىدىم دەپ ئوخشاش يۈز بېرىدىغان بولۇپ، نەتىجىدە پۇشايمان، نەپرەت بىلەن ئاچچىقلىنىشنى پەيدا قىلاتتى. بۇ يەردىكى ئاچچىقلىنىش ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە، ئۆزى قىلغان ھەتتا ئۆزى بۇرۇن توغرا دەپ قارىغان بارلىق ھەرىكەت ۋە سۆزلەرگە قارىتىلغاندا ختاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئىدىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەكسى بولغان ئىدىيەلەر ئارقىلىق مېڭە يۇيۇش مەقسىتىگە يېتەتتى. چۈنكى ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىش باسقۇچىدا ئىنسان ئۆزىنى ئاقلاشقا قايىل قىلارلىق سەۋەب تاپالمىغاندا پۇشايمان ۋە نەپرەتكە كۆچىدۇ. ئەمما بىز يۇقىرىدىكى بۆلۈملەردە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مۇھىت گەرچە تەسىر كۆرسەتسىمۇ مېڭىنىڭ زېھنى كۈچى يەنىلا قارار چىقىرىشقا ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقتىن ھەممىلا كىشىنىڭ بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدىكى ئىنكاسى ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. يۇسۇف ئىمىنىنىڭ ھايات نىشانى ئېنىق، قىلىۋاتقان ئىشىغا بولغان ئىشەنچى ۋە چۈشەنچىسى مۇكەممەل بولغانلىقتىن، ختاينىڭ بۇ تاكتىكىسى ئاقمىغان. چۈنكى ئۇ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى، دەپسەندە بولۇۋاتقان بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ نىشانى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشنى ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان ۋە پۇشايمان باسقۇچىغا كۆچمىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىقرار قىلسىلا تېخىمۇ چوڭ بالاغا قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ختاينىڭ ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا چېقىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن. چۈنكى ئۇ ختاي ھۆكۈمىتىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئەمما ئۇ، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى مېڭە يۇيۇش خىزمەتلىرىگە ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلىق كۆرسەتمىگەنلىكتىن، ختاي مېڭە يۇيۇشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇنچە كۆپ قىيىن - قىستاقلار بىلەن ھېچنەرسىنى ئىقرار قىلدۇرالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا 7 يىل كەسكەن. ھەتتا تۈرمە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، يەمچۈك تاشلاپ بېلىق تۇتۇش تاكتىكىسى بويىچە، ھەم ئۇنىڭ ئىپادىسىنى كۆزىتىش ھەم باشقا يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرگەن. بۇ خىل ئۇسۇلنى ختاي ھۆكۈمىتى كۆپلىگەن سىياسىي مەھبۇسلارغا ئىشلىتىدىغان بولۇپ، نازارەت ئاستىدا قويۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا يۇسۇف ئىمىن غەرب ئەللىرىگە قېچىپ كېتىشكە مۇيەسسەر بولغان.

(يۇسۇف ئىمىن بىلەن بولغان سۆھبەت، 2015 - يىلى 7 - ئايدا تۈركىيە

ئىستانبۇلدا ئاپتور تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىندى. گۇۋاھچىنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىلدى).

**س) قىيىن ـ قىستاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەجبۇرىي ئېقرار قىلدىغان، ئەمما بۇنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلمايدىغانلار:** بۇ تۈردىكى ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ مېڭىسى گەرچە خىتاي ئىدىئولوگىيىسىنى قوبۇل قىلالمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قىيىن ـ قىستاققا چىدىماي ئېقرار قىلىشقا، ئاشۇنداق ھالدا توغرىدىن ۋازكېچىشكە، ئەمەلىيەتتە يۈيۈلۈشقا بويسۇنمىغان مېڭىسىنى سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدە يۇيۇلغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بەلكىم نۇرغۇن چېتىشلىق كىشىلەرنى پاش قىلىۋېتىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ئۆزىنى ئەيىبلەشنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، چۈنكى روھىيىتى كۈچلۈك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا جىسمانىي جەھەتتىكى قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرىش ئاسان ئەمەس بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتتا ئىنسان ئۆزىدىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىيالمايدۇ. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئىدىئولوگىيىسىگە بولغان نەپرىتى كۈچىيىدۇ، ئۆزى خالاپ ۋە توغرا كۆرۈپ قوبۇل قىلمايدۇ، مېڭىسىدە ئۇنى ساقلاشقا ئورۇن بەرمەيدۇ. ئەمما قىيىن ـ قىستاق ۋە تەھدىتكە بولغان قورقۇنچ، ئۇلارنى خىتايغا قارشى بۇ «مەن» نى يوشۇرىدىغان ماسكا بىلەن يۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. گەرچە خىتاي تۈرمىسىدىكى بۇ خىل ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلار ھەققىدە ئىستاتىستىكىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنكاسلىرىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر زۇلۇم ۋە تەھدىتلىرى كۆپلىگەن تۈرمە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئەنە شۇنداق ماسكا بىلەن ياشاشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان بولۇپ، شەرت ـ شارائىت ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تەھدىت بولۇشى ياكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە ئۈچۈق ـ ئاشكارا مەنپەئەت يەتكۈزەلىشى ناتايىن. لېكىن ئۇلار ئۇز مېڭىسىنىڭ ئەركىن تاللاش ئىجادى كۈچىنى ماسكا ئارىسىدا ساقلاپ قالالىغانلىقتىن، خىتاينىڭ مېڭە يۇيۇش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. خىتاي تۈرمىسىدە ياتقان، قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن قىلغان ۋە قىلمىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم دەپ ئېقرار قىلغان، ھەتتا باشقىلارنىمۇ پاش قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئەمما خىتاينىڭ نۇرغۇن قېتىملىق ئىدىيە ئۆزگەرتىش، مېڭىسىنى يۇيۇش ئۆتكەللىرىدىن ساق ـ سالامەت

ئۆتكەن، 5 يىل تۈرمىدە ياتقان ۋە كېيىن غەرب دۆلەتلىرىگە قېچىپ كېلىپ پاناھلىق تىلىگەن بىرەيلەن مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار ھەر كۈنى ئاللاھنىڭ يوق ئىكەنلىكى، دۇنيانىڭ ماددىدىن يارالغانلىقىغا دائىر نەرسىلەرنى؛ كوممۇنىست پارتىيە بولمىسا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دۇنيادىن يوقاپ كېتىدىغانلىقى؛ خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، خىتايلار شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ بەرمىگەن، كۆۋرۈك سېلىپ، پويىز ئىس- تانسىسى قۇرۇپ بەرمىگەن، مەكتەپ ئېچىپ خىتايچە ئۆگەتمىگەن بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېشەك ھارۋا ھەيدەپ، لەڭمەن ئېتىپ يەپ، بېشىدىكى دوپپىسىنى دۇنيا مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدىغانلىقىغا دائىر ئۇزۇندە ماقالىلەرنى، سىياسىي ئەسەرلەرنى يادلاتقۇزاتتى. يادلىيالمىغان، ئېسىدە تۇتالمىغانلارنى كۆز ئالدىمىزدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. مەنمۇ يادلىدىم، ئەمما ئىچىمدە ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ تۇردۇم. ئاغزىم سۆزلىگەن بىلەن دىلىمدا ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرىدىن جاق تويدۇم، قەتئىيلا قوبۇل قىلمىدىم. ھەم ئۇلاردىن بەك نەپرەتلەندىم. ئۇلار مېنى گۇناھسىز تونۇش بىلىشلىرىمنى پاش قىلىشقا ئۇلارنى سېتىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى... ئامالسىز ئىدىم».

(ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بۇ كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى 2016 - يىلى گوللاندىيەنىڭ مەلۇم شەھىرىدىن گۇۋاھچى تەرىپىدىن ئاپتورغا قىلىنغان تېلېفون ئالاقىسى ئارقىلىق، گۇۋاھچىنىڭ قېتىلىشى بىلەن قەلەمگە ئېلىندى).

تۈرمىدىكى قىيىن - قىستاق ئارقىلىق مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرۇش ۋە سۆز - ھەرىكىتىنى مەشىق قىلدۇرۇپ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ياكى مېڭە يۇيۇش گەرچە يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان بىر قانچە تۈردىكى كىشىلەرگە كار قىلمىسىمۇ، ئەمما يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈردىكى كىشىلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ:

***ئا - قىيىن - قىستاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەجبۇرى ئىقرار قىلىدىغان، ئەمما ئاخىرىدا بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالىدىغانلار ۋەياكى كاللىسى قايمۇقۇپ ئىدىيىسى مۇجمەللىشىپ كېتىدىغانلار:***

خىتاينىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىش لاگېرىدىكى تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىرەيلەن مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار ماڭا ئوخشاش ئوقۇمىغانلاردىن گەپ سوراپ يۈرمەيدۇ، بىكار - بىكاردىن ئۇرۇپ قاتتىق قىينايدۇ، بەزىلەرنى ھەتتا ئۇرۇۋېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مەن شۇنداق

تاياقلارنىڭ بىرىدىن ساق قالغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى مەن ئۆزەممۇ بىلمەيدىغان گۇناھىمنى قەغەزگە يېزىپ ئېلىپ كېلىپ قول قوي، دېدى. مېنىڭ خەت ئوقۇشنى بىلمىگىنىم بىلەن كارى يوق، ماڭا گۇناھىمنى ئوقۇپمۇ بەرمىدى، چۈشەندۈرۈپمۇ قويمىدى. مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئىسىملارنى، رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، بۇنى تونۇمسەن؟ شۇنى تونۇمسەن؟ كۆرۈشتۈڭمۇ؟ دەپ سورايتتى. مەن قىيىن ـ قىستاققا چىدىماي، ئاخىرى كىمنىلا سورىسا تونۇيمەن دەۋەردىم. باشتا تونۇيمەن دېگەن ئادەملىرىمنى «قانداق ئادەم ئىدى؟» دەپ سورىغاندا، «ياخشى ئادەم ئىدى» دېسەم تېخىمۇ بەك ئۇرۇپ كەتتى. «بۆلگۈنچىمۇ؟ ئىدىيىسى چاتاقمۇ؟» دەپ سورىسا، «ياق» دېسەم داغمال ياقتى. چىدىماي: «چاتاق ئىدى، بۆلگۈنچى ئىدى» دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. مېنىڭ سوراق جەريانىم ئەنە شۇنداق قىيىن ـ قىستاق ئىچىدە بىر ئاي داۋاملاشتى. كېيىن 5 ئايلىق ھەر كۈنى كوممۇنىست پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىر يادلىتىپ، ناخشا ئېيتقۇزىدىغان، ئىدىيە ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلدىم. كاللامغا ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى قۇلىقىمغا قۇيۇۋاتقان نەزەرىيەلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغۇدەك باشقا نەرسە يوق ئىدى. چۈنكى جىسمىملا ئەمەس، روھىممۇ سىم توسۇقلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ھەر كۈنى ئوخشاش نەرسىلەر ئىچىدە ياشىدىم ۋە ئاخىرى ئۆزەممۇ بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالدىم. بىر ئىشنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىسىڭىز شۇنىڭغا كۆنىسىزكەن، مېڭىڭىز سىزنى باشقۇرالمايدىكەن، ئىستىخىيىلىك ھالدا خىتاي سىزنى مەجبۇرلىمىسىمۇ شۇ ئىشنى قىلىدىكەنسىز. ئۇلار: «ئاللاھ مېنى قوغدىمايدۇ، كوممۇنىست پارتىيە قوغدايدۇ» دېگەن گەپنى قايتا ـ قايتا دېگۈزىۋەرگەندىن كېيىن، كېيىنچە ئۇلار مېنى مەجبۇرلىمىسىمۇ، مەن شۇنداق دەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. سىزگە چۈشەندۈرەلىدىممۇ بىلمەيمەن، ئۇ چاغدا مەن ھەتتا تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ماڭا ئۆگەتكەنلىرى شۇنداق قايىل قىلارلىق ئىدىكى، مەن ئۆزەمنىڭ كۆز ئالدىمدىكى دۇنياغا ئەمەس، مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان غايىۋىلىككە ئېتىقاد قىلىپ كەلگىنىمدىن ئۆكۈندۈم. سىز دەپ بېقىڭ، خىتايلار كېلىپ بىزگە بىنا سېلىپ بەرمىگەن بولسا، بىز ئۇيغۇرلار ئېگىز بىنالارنى سېلىشنى بىلەمتۇق؟ ئايروپىلاندىن تارتىپ قەغەز، قەلەمگىچە بىزگە ئۇلار ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟ خىتايلار كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيلىرىمىزدە توكمۇ يوق ئىدىغۇ؟ بۇنىڭ

قەيەرى يالغان ۋە قايىل قىلارلىق ئەمەس؟ مەن تونۇيمەن دېگەنلىكىم ئۇچۇن بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر تۇتۇلغاندۇ. ئەمما ئۇلار گۇناھسىز بولغان بولسا ھۆكۈمەت ئۇلارنى سوراقتا قىلمىغان بولاتتى. ئەمما مەن نەچچە يىللاردىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، دۇنيانى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ شۇ چاغلاردا ھەيكەلدەك جىسمىم بىلەن كاللامدىكى ئۇلار ئۆگەتكەن پارتىيەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاندىن ھېس قىلدىم. ئەمما مەن ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر دوستلىرىم بىلەن داۋاملىق ھەمسۆھبەت بولۇپ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆزەمنى ئۆزەم ئۆزگەرتىش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگەن بولسام، يەنىلا ئۆزەمنىڭ نېمىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمىگەن بولاتتىم. بۇنىڭغا ئىنتايىن ئۇزۇن بىر جەريان كەتتى».

(يۇقىرىدىكى ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان گۇۋاھچىنىڭ سۆزى 2016 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە ئاپتورنىڭ گۇۋاھچى بىلەن بولغان يۈزتۇرانە سۆھبىتى ئارقىلىق گۇۋاھچىنىڭ رازىلىقى بىلەن قەلەمگە ئېلىندى).

بۇ سۆزنى قىلغان كىشى ئۆزى خالىمىغان، ئەمما مەجبۇري مېڭىنى يۇيۇش نەتىجىسىدە ئەسلىدىكى «مەن» نى يوقىتىپ، يېڭى بىر «مەن» نى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئۇ كىچىكىدە ئاچچىقى يامان دادىسىنىڭ قولىدا، قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈملەر ئىچىدە چوڭ بولغان، بويسۇنۇش پىسخىكىسى كۈچلۈك بولۇپ، ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش، مەسىلىلەرگە سوئال قويۇش قابىلىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى بوغۇپ تاشلانغان. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادي قىيىنچىلىقى بولغانلىقتىن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. دادىسى ئۇنىڭغا چەكلىك دىني ساۋىيىسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مەنىسىنى، ماھىيىتىنى ئەمەس، شەكلىنى مەجبۇري سىڭدۈرگەن بولۇپ، بالىنىڭ قەلبىدىكى ئىسلام دىنى ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئەرەب تىلى بىلەن، ئىبادەتنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا كىچىلىرى ناماز ئوقۇمىسا دادىسىدىن تاياق يېيىش بولۇپ شەكىللىنىپ قالغان. چوڭ بولۇپ ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، كىچىكىدە ئۆگەنگەن ئەرەبچە ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ۋە نامازنىمۇ تاشلىۋەتكەن. ئەمما باشقىلار ئوقۇسا يالغاندىن ئەگىشىپ ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا كۇپايە قىلغان. ئۇنىڭ بالىلىقتىكى شەرتسىز دادىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىق كەچۈرمىشلىرى، ئۇنىڭدا مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز ئالدىغا قارار بېرەلمەسلىك، توغرا

بىلەن خاتانى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش قاتارلىق خاراكتېرنى يېتىلدۇرگەن. بۇ خاراكتېر ئۇنى ئەركىنلىك ۋە سۆيگۈگە، باشقىلارنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىششكە تەشنا قىلغان ۋە بۇ تەشنالىقنى باشقىلارغا شەرتسىز ئەگىشىش ۋە ئۇنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قىلىپ قويغان.

**ب - ياخشى ساقچى، ئەسكى ساقچى تاكتىكىسىنىڭ قۇربانى بولۇش نەتىجىسىدە مېڭىسى يۇيۇلىدىغانلار:**

خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىدىكىلەرگە ئەڭ ۋەھشىي قىيىن - قىستاقلارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەندە، ئازراق ئىنسانلىق مۇئامىلىسى كۆرسىتىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ، مەھبۇسنىڭ تايىنىش پىسخى - كىسىدىن پايدىلىنىدۇ.

ئالىم نۇر ئىسىملىك بىر ياشنىڭ كەچۈرمىشلىرى

مەن ئۇ چاغدا ئەمدىلا 17 ياشتا ئىدىم، يېزىمىزدا خىتايلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكىلى تۇردى. دوستۇمنىڭ ئۆيى بازار كوچىدا بولۇپ، ئورنى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ھۆكۈمەت: «ئۆيۈڭنى چاقىمىز، ھۆكۈمەت بىناسى سالىمىز» دەپ يالغان باھانە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۆيىدىن مەجبۇري كۆچۈرۈۋېتىپ، ئۆيىنى ئىچكىرىدىن يېڭىدىن چىققان بىر ئاققۇن خىتايغا بېرىۋەتتى. ئاڭلىساق ئۇ خىتاي ئۆيىنىڭ ئورنىغا ئېگىز بىنا سالارمىش. ئۇلارغا بىر تىيىن ھەق بېرىلمىدى، دوستۇم ئاچچىقلاپ بىر كۈنى ئۇ خىتاينى كوچىدا كېتىپ بارغان يېرىدە پىچاق تىقىپ يارىلاندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن مۇددەتسىز كېسىلدى. يەنە بىر يېقىن دوستىمىز تۇرسۇن، مېنى ۋە ئادىل ئىسىملىك يەنە بىر ئاغىنىمىزنى چاقىرىپ: «تۈرمىگە بىگۇناھ قامالغانلار قويۇپ بېرىلسۇن! ئادىل سوت ئېچىلسۇن!» دەپ تەشۋىق ۋەرەقە يېزىپ تارقىتايلى دېدى. ئەمما 15 كۈندىن كېيىن ئۇچىلىمىز پاش بولۇپ قېلىپ، تۇتۇلۇپ قولغا ئېلىندۇق. ھېچقانداق سوراق قىلىنمايلا، ئىنسان ھاياتىدا كۆرمەيدىغان قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىندىم. ئىتقا ئوخشاش بوينۇمدىن زەنجىر بىلەن باغلىنىپ قويۇلدۇم، لېكىن ئۆلگۈدەك تاياق يېگەنسېرى جاھىللىقىم ئۆلگۈدەك تۇتتى، تاياق زەربىسىدىن ياۋايى ھايۋانلاردەك ھۆكىرەپ كەتكەن بولساممۇ، ساقچىنىڭ بىرمۇ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم. ئەمما كېيىنچە بۇ بەدەن خۇددى مېنىڭ ئەمەستەك تاياق تەسىر قىلماس ھالغا كەلدىم، ئۇلار مېنى ئەمەس بىر پارچا گۆشنى ئۇرۇۋاتاتتى، ئۇ گۆش بولسا ئاغرىش سېزىمىنى يوقاتقان ئىدى. ھەتتا كېيىن كۈن كۆرگىلى بولمايدىغان بەتبۇي

پۈرايدىغان يەر ئاستى كامېرىغا 15 كۈن سولاپ قويۇلغىنىمدا، يەر ئۈستى كامېرىدىكى كېچىلىرى تاياق زەربىسىدىن چىرقىراۋاتقانلارنى قىزغاندىم، ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ مەيلى بۇ يەردە تىرىك گۆرگە كۆمۈلۈپ ئۆلۈدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. مەن بۇ دۇنيادا نۇرۋە ھاياتلىقىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇشقا باشلاۋاتاتتىم، ئۆزەمنىڭ كامېرىدا ئىكەنلىكىم ياكى ئاللىقاچان ئۆلۈپ ئۇ دۇنيادىكى دوزاختا ئىكەنلىكىمنى پەرقلەندۈرەلمەس ھالغا كەلدىم. تاياق ۋە ئاچلىققا چىدىغان لېكىن قاراڭغۇلۇققا چىديالمايۋاتقان بەدىنىمنىڭ قايسى دۇنيادا ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم. ئەمما ھېچقانداق ئۆلۈۋېلىش مۇمكىنچىلىكى تاپالماي قىينالدىم. قانداق قىلىپ ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدا جىق ئويلاندىم. ئۇ يەردە ئۆلۈۋېلىشتىن باشقا يەنە قانداق خىياللاردا بولدىڭىز دەمسىز؟ ئەگەر مەن ئۆلمىگەن ھاياتتا بولغان بولسام نېمە بولسا بولسۇن دوستلىرىمنى ھەرگىز ساتمايمەن دەپ ئويلىدىم. مەن ئۆزەمنىڭ ھايات ياكى تىرىكلىكىمنى بىلمەي ياتقان ئاشۇ كۈنلەردە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە دادام بىلەن ئانامنىڭ مىسكىن چىرايىنى كۆردۈم، سوغۇق سېمونت يەردە ئانامنىڭ قۇچىقىغا بېشىمنى قويدۇم. چۈش كۆرمىدىم، كۆزۈم ئوچۇق ئىدى، بەلكىم مەن راستلا ئۆلگەن روھۇم ئۆيۈمگە ئۆلارنى ئىزدەپ بارغان بولۇشى ياكى مەن ئۆلمىگەن، ئىنسانلارنىڭ روھى ھاياتلىقتىمۇ كۆرۈشەلەيدىغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن مەن كېيىنكىسىگە ئىشەندىم. ئانام مېنى قۇچاقلاپ يىغلىدى: «ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىما بالام، مېنى ئويلا، داداڭنى ئويلا. سەن ئۆلسەڭ بىز قانداق قىلىمىز؟ ئاللاھ؟ ئۆلۈۋالىدىغانلارنى كەچۈرمەيدۇ جېنىم بالام!» دېدى. مېنى يۇمشاق كۆرپىدە ئولتۇرغۇزۇپ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان لەڭمەننى ئالدىمغا قويدى. مەن مەززە قىلىپ يېدىم. بىر چەتتە گۈندىپاي بەرگەن مەن ھەر كۈنى تەلمۈرۈپ كۈتىدىغان قاراڭغۇدا كۆرمەي تۇرۇپلا يېۋېتىدىغان يېرىم قاچا گۈرۈچ قۇرۇپ قېتىپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن تۇرمىنىڭ تامىقىنى يېمەس بولدۇم. چۈنكى مەن ئۆزەمنى ھەر كۈنى ئوز ئۆيىمىزدىكى تاماق ئۈستىلى ئالدىدا كۆردۈم، ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى يېدىم. دادام بىلەن ئانام مېنى توختىماي باغرىغا بېسىپ، «ئۆز بالام، ئالىم بولىدىغان بالام!» دەپ ئەركىلەتتى. مەن سىزگە دېدىمغۇ؟ مەن كېيىنكىسىگە ئىشەندىم دەپ، توختاڭ ئەمدى چۈشەندۈرىمەن سىزگە. ئىنسانلارنىڭ روھى كۆرۈشىدىكەن مەن بۇنىڭغا ئىشەندىم، ئىشىنەمسىز؟ مەن يورۇقلۇقنى، ئانام بىلەن دادامنىڭ يۈزىدىن كۆردۇم، ئانام بىلەن دادامنىڭ باغرىدىن

كەلگەن پۇراقنى سەزدىم، ئۇلارنىڭ ئىسسىق قوينىنى ھېس قىلدىم، كامىردىكى سېسىق پۇراق، زەيكەش سوغۇق يوقاپ كەتتى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئانام مەن يەر ئاستى كامىردا ئانام بىلەن قانداق كۆرۈشكەن بولسام ئانامنىڭمۇ چۈشىدە مېنى شۇنداق كۆرگەنلىكىنى بىلدىم. تۈرمىنىڭ تامىقىنى يېمەس بولغىنىمدىن كېيىن ساقچىلار مېنى ئاچلىق ئېلان قىلدى دەپ ئويلاپتۇ. مېنى تويۇقسىز سۆرەپ چىقىرىپ، يۇيۇنۇشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئاندىن بىر سوراقخانىغا ئوخشىمايدىغان دېرىزىلىرىگە پەردە تارتىلغان بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىلگىنىمدە، ئىشخانىغا بىۋاسىتە كۈن چۈشمەيدىغانلىقىغا قارىماي كۆزلىرىمنى ئۇزۇنغىچە ئاچالمىدىم، كۆزۈمنى تەسلىكتە ئاچسام ئالدىمدا ئانام ئەتكەن لەڭمەن تۇرۇپتۇ. سوراق قىلغۇچى ساقچى ماڭا تاماقنى ئانامنىڭ كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ياشتا چوڭ ئۇيغۇر كىشى بولۇپ، ماڭا ناھايىتى ئىچ ئاغرىتتى: «قارا، سەن ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن، يېشىڭ تېخى شۇنچە كىچىك، مەكتەپتە بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان ئىكەنسەن. مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇغان ئىكەنسەن، ناچار بالىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ. ئۇ ئىككى دوستۇڭ سېنى ئازدۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇلار ھەممە گۇناھنى ساڭا ئارتىپ قويۇپتۇ، سېنى باشلامچىلىق قىلدى دەيدۇ، خەقنى دەپ قاراپ تۇرۇپ بىر ئۆمۈر تۈرمىدە چىرىپ كەتمە، مەسىلەڭنى تاپشۇرۇپ كەڭچىلىككە ئېرىش» دېدى. مەن ئىنتايىن ئاچچىقلاندىم، ئۇ ئىككىسىنىڭ قاراپ تۇرۇپ مېنى ساتقانلىقىدىن ئىنتايىن ئازابلاندىم. خورلۇق ھېس قىلدىم، قېنى بۇ دوستلۇق؟ يالغان دۇنيا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنى يەمچۈك قىلىدۇ؟ بىز قانداق ۋەدىلەرنى بېرىشكەن ئىدۇق؟ تۇتۇلۇپ قالساق ھەرگىز بىر - بىرىمىزنى ساتمايمىز، دېمىگەنمىدۇق؟ تاياق، قاراڭغۇلۇق، يالغۇزلۇق، ئاچلىق ئېچىشتۇرالمىغان يۈرىكىمنى ئۇلارنىڭ ساتقىنلىقى پارە - پارە قىلىۋەتتى. مەن ياشانغان سوراقچىغا تۇرسۇننىڭ ئادىل ئىككىمىزگە بۇ تەكلىپنى قانداق بەرگەنلىكىنى، مېنىڭ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇلارغا قانداق ئەگىشىپ خاتا يولدا ماڭغانلىقىمنى، ئاچچىقىم بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلاتتىم. كېيىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئەۋەتىپ بىر يىل ئېغىر ئەمگەككە سېلىندىم، بىر يىلدىن كېيىن سوت ئېچىپ گۇناھىمنى تاپشۇرغانلىقىم ئۈچۈن يېنىكلىتىپ بەش يىل كېسىلگەنلىكىم ئېلان قىلىندى. 6 يىللىق تۈرمە ھاياتىم دوستلىرىم بىلەن بىللە قىلغان ئىشىمغا نەپرەتلىنىش بىلەن ئۆتتى.

تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن تۇرسۇن بىلەن ئادىلنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ مۇددەتسىز كېسەللىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. ئەنە شۇ چاغدا قىيىن ـ قىستاق ئاستىدىكى تۇرمە ھاياتىغا قايتىپ كېتىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلدىم. ئەمما مەن ئاجىز ئىدىم، ئاتا ـ ئانامنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە چىديالمايتتىم. ياشانغان سوراقچى تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىمدىن، پايدىلانغانلىقىمدىن خورلۇق ھېس قىلغان بولساممۇ، لېكىن بۇ خورلۇق كاللامنىڭ بىر يەرلىرىدە غىل پاللا پەيدا بولۇپ تۇردۇ داۋاملىق، ئەمما مەن بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس ئىدى دېيىشنى ئۆگەندىم. دېمىسىمۇ ئاشۇ ئىككى دوستۇمنىڭ سەۋەبىدىن بىكاردىنلا خورلاندىم، 6 يىل يېتىپ كەتتىم، ئاسانمۇ؟ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ قالايمىقان ئىشلارغا چېتىلىپ قالغان ئىدىم.

سىز دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان قارشىلىق ھەرىكىتىڭىزنى خاتا دەپ ئويلامسىز؟ دەپ سورىدىم مەن.

بىلمەيمەن. سورىماڭ. لېكىن ئەرزىمەيدىكەن دەپ ئويلىدىم.

ئۆز ۋاقتىدىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بولاتتىڭىز شۇنداقمۇ؟

ـ مېنىڭ دوستۇم يوق ئىدى بىلەمسىز؟ مەن دوستلۇققا ئەڭ چوڭ قىممەت بەرگەن، ئۇلار ماڭا ئىشىنىپ مېنى دوست تۇتۇپ مەسلىھەت سالغىنى ئۈچۈن پەخىرلەنگەنتىم. قىلغان ئىشلىرىمىزنى جىق ئويلاپ كەتمىگەن بولسامۇ توغرىلىقىنى بىلەتتىم، توغرا دەپ ئويلىغان.

ئۇنداقتا، تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدىكى ھەرىكىتىڭلارنى ئەرزىمەس دەپ ئويلىدىڭىز؟

چۈنكى، ھازىر تەڭسىزلىككلەرنى كۆرسەم دوستلىرىمغا ئەگىشىپ يۈگرەپ چىققىدىغان خاراكتېرىم تۈگىدى. باشقىلارغا تەڭسىزلىكتەك تۇيۇلغان نۇرغۇن ئىشلار ماڭا تەڭسىزلىكتەك تۇيۇلمايدۇ. نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ چۈنكى بۇ ھايات شۇنداق.

يۇقىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى قالغان

ئىككى دوستىغا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ياخشى بولغان، ئەتىۋارلىق ئائىلىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەركە بالىسى ئىكەن. بىللە تۇتۇلغان ئىككى دوستىغا سېلىشتۇرغاندا جۇغى كىچىكرەك بولۇپ، ئادەتتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىكەن. مەكتەپتىمۇ قولىقى يۇمشاق، گەپ ئاڭلايدىغان باللار توپىدىن بولۇپ، ئىنتايىن خىجىلچان، مۇلايىم بولغانلىقى ئۈچۈن قىزلار ئۇنى داۋاملىق قورقۇنچاق دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن. ئوغۇللار بولسا قىز بالىدەك نازۇك بولغىنى ئۈچۈن ئارىغا ئالمايدىكەن. ئۇ رەسىم سىزىشنى، ھۆسنى خەت يېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم ھۆسنىخەت يېزىش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ مەكتەپتە مۇكاپاتلانغان ئىكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكى، دوستقا كۆچلۈك ئېھتىياجى بولغانلىقىدىن ۋە ئاق كۆڭۈل ۋە باشقىلارغا ئاسان ئىشىنىدىغان خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىپ سىياسىي مەسىلىلەرگە قىزىقىپ باقمىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى ياخشى چۈشەنمەيدىغانلىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى سىياسىي زىددىيەتنى شەخسىي زىددىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، سوراقخانىدىكى مەقسىتىگە يەتكەن ۋە ئۇنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يول ئاچقان. ئۇ گەرچە دوستلىرىنىڭ مۇددەتسىز كېسىلگەنلىك خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۇنى ساتمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ سوراقچى تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، بارلىق ئەيىپنى ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان قارشىلىق ھەرىكىتىگە ئارتىش ئارقىلىق ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىشتىن قۇتۇلماقچى بولغان. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنىڭ كاللىسىدا داۋاملىق غىل ـ پال پەيدا بولۇپ تۇرىدىغانلىقتىن زىددىيەت ئىچىدە قالغان.

ئۆزىنى دوستلىرىنىڭ خاتالىقىغا شېرىك بولۇپ قالغان دەپ قاراش ئارقىلىق روھىي جەھەتتىكى ئازابلىنىشتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن ۋە بەزىدە ئۆز ۋاقتىدا دوستلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان تەشۋىق ۋەرەقە تارقىتىپ، ئادالەت تەلەپ قىلغان ھەرىكىتىنى ئەرزىمەس ئەقىلسىزلىق دەپ قارىغان. بۇ خىل ئەھۋال پسىخولوگىيەدە ئۆزىنى قوغداش مېخانىزمى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بەزىدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىدىن دۆڭگەش ئۇسۇلى ئارقىلىق قاچىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ دوستلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى دوستلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغانلىقتىن، دوستلىرىنىڭ ئۆزىنى

ساتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۇلارغا بولغان ئۆمىدسىزلىك ۋە نەپرەتنى ئۆزى ئېلىپ بارغان قارشىلىق ھەرىكىتىگە قاراتقان ۋە خىتاينىڭ تەشۋىقاتلىرىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلغان. تۈرمىدىن چىقىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆگەنگەندىن كېيىن بولسا زىددىيەت ئىچىدە قالغان ۋە خىتاي ۋە ئۇيغۇر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ھەرقانداق مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ئەمما ھەرقانچە ئۆزىنى قاچۇرسىمۇ، داۋاملىق تۈرمە ھاياتىنى، دوستلىرىنى چۈشەيدىغان، ئۇخلىيالمايدىغان، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ، چۈشكۈنلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان.

**س- ئەزەلدىن سادىقلار:**

ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئەسلىدىنلا خىتايغا سادىق بولۇپ، خىتاينىڭ مۇستەملىكى- چىلىكىنى خاتالىق دەپ قارىمايدىغانلاردۇر. ئەمما خىتاي تەرىپىدىن يۇز خاتىرە قىلىنماي تۇتۇلغانلار بولۇپ، بۇنداقلار ئۆزلىرىگە ئارتىلىپ گۇناھ دەپ قارالغان خاتالىقنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەمما خىتاينىڭ پىسخىك مېڭە يۇيۇش تەشۋىقاتىغا ئاجىز كەلگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنى دەرھال گۇناھكار ھېسابلايدۇ، ھەتتا ئۆزلىرى قىلمىغان ئىشلارنىڭ جاۋابكارلىقىنىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئۈستىگە ئالىدۇ.

گۈلنىسا ئابلىز، 42 ياش. ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىسى بولۇپ، خوتەندە 9 ئايلىق ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە مەجبۇرلىنىشىغا چىدىماي، ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان. گۈلنىسا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاپتور بىلەن مەلۇم دۆلەتتىكى ساياھەتتى جەريانىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشىغا قارىماي قولغا ئېلىنغانلىقى، قولىغا كىشەن سېلىنىپ ئىككى كۈن سۇسىز ۋە ئاچ قالدۇرۇلغانلىقىنى، چېچىدىن پۇتى يەرگە ئارانلا تەگكۈدەك قىلىپ بىر كېچە - كۈندۈز ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن سوراققا ئېلىپ چىققاندا ھېچنېمىنى ئويلاپ ئولتۇرماي دەرھال ئىقرار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن پەقەت قۇتۇلۇشتىن باشقىنى، ئاشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشتىن باشقىنى

ئويلىمىدىم، دەرھال توۋا قىلىپ ئىقرار قىلدىم. ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت ئاشۇ بىر ئايالنىڭ قېچىپ كېتىشىگە مەقسەتلىك ئەمەس، پەقەت سەل ئىككىلىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ سەۋەب بولۇپ قالغان. ئۇلار ماڭا مەن تۇرۇشلۇق ناھىيەدىن مۇشۇنداق پىلانسىز تۇغۇلغان 60 نەچچە بالىنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەن يوشۇرۇنچە ياردەم قىلغان، دۆلەت سىياستىنى ئاياق ئاستى قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن تورىدىن قېچىشىغا ياردەملەشكەن دەپ جىنايەت تۇرغۇزغان ئىدى. بۇلار مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس ئىدى. ئەمما مەن بۇلارنى ئۈستۈمگە ئالسام ماڭا كەڭچىلىك قىلىپ قايتا تەربىيەلەشكە ئەۋەتىدىغانلىقىنى، بولمىسا تۈرمىدە ئۆلۈكۈمنىمۇ ھېچكىمنىڭ تاپالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئىككى سوراقچى ساقچى كىرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر سوراقچى ئىنتايىن قوپال تەلۋە بىر نېمە ئىدى. ئۇ مەن راستىنلا بىلمەيمەن، بىلسەم يول قويارمىدىم دېيىشىمگە «نېمىنى بىلمەيسەن، ھۆكۈمەتتىن مائاشنى بىكارغا ئالامسەن؟! خۇپسەنلىك قىلما، جىنايىتىڭ ئېغىر! سېنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە قارشى ئىدىيەڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەن، كىم بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟» دەپ ۋارقىراپ بېشىمنى ئۇستەلگە نەچچىنى ئۆستۈرۈۋەتتى. مەن ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدىم، بۇرنۇمدىن شۇرقىراپ قان ئېقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى خىتاي ساقچى خېلى تەربىيە كۆرگەن مۇلايىم ئادەمكەن، ئۇ دەرھال ئۇنى توختىتىۋالدى ۋە ئۇنى چىقىرىۋېتىپ مېنى يالغۇز سوراق قىلدى، سېستىرا چاقىرىپ بېشىمنى تاڭدۇرۇپ قويدى. مۇلايىملىق بىلەن: «گۈلنىسا سىز تېخى ياش، ئىككى ئوماق بالىڭىز ۋە گۈلدەك ھاياتىڭىز بار ئىدى. قاراڭ، شۇ ھالىڭىزغا، دۆلىتىمىز سىزگە ئىشەندى، سىزنى ئۆستۈردى. بىلىمەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى مەسئۇلىيىتى ئېغىر خىزمەت، مۇشكۇل خىزمەت. مۇشۇنداق بىر خىزمەتنى پارتىيىمىز سىزگە ئىنتايىن ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن تاپشۇردى. ئويلاپ بېقىڭ، ئاشۇ بالىلار قانۇنسىز تۇغۇلغاندىن كېيىن مەكتەپكىمۇ بارالمايدۇ. ھەممىسى كوچىدا لۈكچەك، ئىچەرمەن ـ چېكەرمەن بولۇپ كېتىدۇ، جېنىنى باقالماي ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ بىر ئېغىر يۈك. سىز بەلكىم ئايال كىشى بولغاچقا كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلغانسىز، ئەمما بۇ كۆڭلى يۇمشاقلىقنىڭ نەتىجىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياننى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز ئەقىللىق

ئايال گۈلنىسا، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايسىز. پارتىيىنىڭ ئىشەنچىنى قانداق يەردە قويغانلىقىڭىزدىن ئازابلانمامسىز؟ ئەگەر توۋا قىلسىڭىز كەڭچىلىككە ئېرىشىسىز. بولمىسا مەنمۇ سىزگە ياردەم قىلالمايمەن، بالىلىرىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ» دېدى.

مەن يىغلاپ كەتتىم. «مەن نېمىدېگەن يۈزى قارا! مەن نېمە دەپ پارتىيىنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىنى يەردە قويدۇم؟ مەن يۈزى قارا! مەن جازالىنىشقا تېگىشلىك! مېنىڭ بىخەستەلىكىم تۈپەيلى جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە كەلگۈسىدە بىر مۇنچە ئېغىر يۈك پەيدا بولىدۇ. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟! مەن توۋا قىلدىم، گۇناھىمنى تونۇيمەن! ماڭا ياردەم قىلىڭ» دەپ يالۋۇرغانچە 60 نەچچە بالىنىڭ پىلانسىز تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغىنىمغا ئىقرار قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى بىخەستىلىك قىلىپ ياخشى ئىشلىيەلمىگەن دېگەن جىنايەت بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى بويىچە 2 يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىپ قايتا تەربىيەلەش ئورنىغا ئەۋەتىلدىم. ئەسلى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جازالىنىشقا ھەقلىق ئىدىم. ئىككى يىل ھەر كۈنى 8 سائەت قىغ توشۇپ، تۆت سائەت سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتناشتىم. ھەر كۈنى قايتا - قايتا مەسىلەمنى، ئىدىيەمدىكى سۇسلۇقلارنى، ئۆزەمنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ تاپشۇرۇشقا تىرىشتىم. نېمە ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلمىگەنلىكىمنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشتىم. پارتىيە ماڭا شۇنچە ئىشەنسە، مەن پارتىيىنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويغان ئىدىم. ھەرقانچە جازالانسام ھەقلىق ئىدىم».

ئۇ مېنىڭ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ 60 نەچچە بالىنىڭ پىلاندىن سىرت تۇغۇلۇشىغا ئۆزىڭىزنى سەۋەبچى دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟ دېگەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ: «ئەلۋەتتە، مەن مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك، مەن شۇ ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى ئىدىم. مېنىڭ بۇ مەسىلىدە جاۋابكارلىقىم چوڭ» دەپ جاۋاب بەردى.

پسىخولوگلارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە بالىلىق كەچۈرمىشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇيۇلۇشى، ئۇلارنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن زىچ باغلانغان. مەسىلەن: گۈلنىسانىڭ ئاتا - ئانىسى پارتىيە

ئەزاسى بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىلىرى دىن سۆپىتىدە تەكىتلەنمەيدىغان بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۆزىمۇ ناماز ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن. ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئائىت ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەن. ئىسلامغا ئائىت بىرەر پارچە كىتاب ئوقۇپ باقمىغان ئىكەن. ئەمما ئۇيغۇرلار چوشقا گۆشى يېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇپ، ئۆرپ - ئادەتكە مەنسۇپ مۇسۇلمانلار تىپىغا كىرىدىكەن. ئۇ مەكتەپتە ئىنتايىن ياخشى ئوقۇغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىتتىپاق ئەزاسىغا، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەرھال پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۆزىدىن ئىنتايىن پەخىرلەنگەن. سوراق جەريانىدا ھەتتا ئۇنىڭ خىتايلارغا مايىل ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە سادىقلىقىدىن خىتاي ساقچى ھېيلىگەرلىك بىلەن پايدىلانغان بولۇپ، خىتاي ساقچىنىڭ ئۆزىنى تەربىيە كۆرگەن قىلىپ كۆرسىتىۋېلىشى ئۇنىڭ خىتايلارغا بولغان چوقۇنۇشىنى ۋە سادىقلىقىنى ئۆز ئۆزىگە تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەسلىدە ئۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان سادىقلىقى بىلەن، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇيغۇر كىملىكىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان ۋە بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى روشەن توقۇنۇشنى چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىر قېتىم بولسىمۇ 9 ئايلىق بوۋاقنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئانىلىق، ئىنسانلىق مېھرى - شەپقەت ۋە ئۇيغۇر كىملىكى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى قىرغىنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

## 4 - سېتىۋېلىش

ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، خائىنلار ۋە ساتقىنلار گۇرۇھىنى كۆپەيتىش

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىگە قارشى چىققان ئۇيغۇر قاچقۇنلارغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىش بىلەنلا قالماي، تۇتۇپ بەرگەنلەرنى يۇقىرى پۇل سوممىسى بىلەن مۇكاپاتلاشنى تەشۋىق قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتىم قالدۇرىدىغان، ئۇيغۇر

خەلقنى بىر - بىرىنى ساتىدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈردى. بىر - بىرىنى سېتىش كەيپىياتى، ئەمەلىيەتتە يەنە بىر تۈرلۈك مېڭە يۇيۇلغانلىق بولۇپ، پاش قىلغۇچى ئۆز ھەرىكىتىنى خاتا دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ھەرىكىتىنى ئەقلى ئارقىلىق توسۇپ قالالماسلىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ. يەنى ئۇنىڭ مېڭىسى قارار بېرىشتە پۈتۈنلەي تاشقى كۈچ ۋە مۇھىت تەرىپىدىن تولۇق كونترول قىلىنىۋېلىنغان بولۇپ، مېڭىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇچۇرلارنى شاللاش، تەھلىل قىلىش ۋە قارار بېرىش مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان. ئەگەر پاش قىلغۇچى قىلمىۋاتقان ھەرىكىتىنى خاتا دەپ تونۇمىغان تەقدىردە ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ۋە مېڭىسى تولۇق يۇيۇلغان بولۇپ، قارار بېرىشتە مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىنى پۈتۈنلەي بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىسىگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ۋە شەخسىي ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا تاياندۇرىدۇ. مېڭىسىگە ئەركىن تەھلىل قىلىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى، 2016 - يىلى ئاپرېل ئېيىدىن باشلاپ تېررورىزمغا ئالاقىدار گۇمانلىق ھەرىكەتلەرنى بولغانلارنى ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى پاش قىلغۇچىلارنى 5 مىليون خىتاي پۇلى بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم(1).

ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئارقىلىق سېتىۋېلىنغانلار، يالغۇز خىتايغا قارشى ئۇيغۇرلارنى پاش قىلغان خائىنلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە سادىقلار ۋە سادىق ئەمەسلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلگەن بولۇپ، سادىقلار ئاساسەن خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر ئىقتىسادىي مەنپەئەت كۆرۈش ئارقىلىق جان بېقىشنىڭ يولىغا كىرىۋالغان ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار مەيلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسۇن ياكى تېشىدا ياشاۋاتقان بولسۇن ھەممىسىنىڭ جاۋابى بىردەك بولۇپ: «بىز خىتاي ھۆكۈمىتىگە بەربىر تەڭ كېلەلمەيمىز. قارشىلىق كۆرسەتكەننىڭ پايدىسى يوق». ئەجەبا ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇمنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ سىياسىتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ بىلىشى ئۈمىدسىزلىك ئارقىلىق ھەقىقەتنى تونۇماسلىققا كۆچكەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى

(1) http://www.rfa.org/english/news/uyghur/chinese-offer-reward-04122016164714.**html**

قايىل قىلىش بولغان بولسا، بۇنىڭ يوْيۇلغان مېڭىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە نېسىپ بولغان جۇغراپىيىلىك ئالمىشىش ۋە ئەركىن دۆلەتكە كېلىپ ياشاش نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى؟ گەرچە بۇ خىل كىشىلەرنىڭ مېڭىسى خىتاينىڭ سىياسىتىنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغان بولسىمۇ، ئەمما قۇللۇق پىسخىكىسى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرى تەرىپىدىن يوْيۇلغان. مېڭىسى قورقۇنچ ۋە ئۈرۈك ـ تۇغقانلىرىغا بولغان تەھدىتكە بويسۇندۇرۇلۇش ئارقىلىق پروگراممىلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن: ئەگەر بىر ئۇيغۇر خىتاينىڭ سىياسەتلىرىنى ئاغزاكى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىپ، مەيلى ئۆزى قەيەردە ياشىمىسۇن خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىپ بەرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىككە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىخەتەرلىككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە بولسا ئۆزىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا تۇرۇۋاتقان بولسا تۇغقانلىرىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەشۋىقاتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ هايات تەجرىبىسىگە مېڭىنىڭ بېرىدىغان ئىنكاسى سوئال شەكلىدىكى «قانداق قىلىپ بىخەتەرلىككە ئېرىشىمەن؟» دۇر. جاۋاب شەكلى بولسا «ۋەزىيەتنى ئۆزىدىن كۆرۈپ قوبۇل قىلىش» بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مېڭىسى خىتاي تەرىپىدىن تېڭىلغان ئۇچۇر ۋە شارائىت بىلەن كونترول قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بۇ شارائىت ۋە ئۇچۇرنىڭ سىرتىدىكى دۇنياغا مېڭىسىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ باقمىغان. مەسىلەن: مەلۇم ئۆرپ ـ ئادەتكە مەنسۇپ بىر جەمئىيەتتە بىر ئايالنى «ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسى ئەرنى كۈتۈش ۋە بالا تۇغۇش، ئاياللار باشقا ئىش قىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيە بىلەن مېڭىسىنى يۇيۇش ئارقىلىق بۇنى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئورنىتىۋەتكىنىدە، بۇ ئايالنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمۇ شۇنداق قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. دېھقانلارغا «دېھقان دېگەن كەتمەندىن باشقىنى تۇتالمايدۇ» دېگەن خاتا ئۇقۇمنى تارقىتىۋەتكەنلىك ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇ خاتا چۈشەنچىنى قوبۇل قىلىۋالىدۇ ۋە بالىلىرىنى كۆپ ئوقۇتمايلا مەكتەپتىن چىقىرىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە خاتا چۈشەنچىنىڭ قۇربانى بولغان ئايال ۋە دېھقان ھەر ئىككىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن قانائەت هاسىل قىلغىنى يوق، ئەمما ئۇلار بۇنى شەرتسىز ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالىدۇ. شەرقىي

تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلارمۇ، دەل ئەنە شۇنداق خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقىنىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنى شەرتسىز ياكى شەرتلىك (خىتاي تەرىپىدىن تېڭىلغان تەھدىت شەرتلىرى) قوبۇل قىلىش تەرەپدارىدا بولۇپ، ئۆزلىرى خالىمىغان ھالدا زۇلۇمنى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدىكى بارلىق ئۇقۇم، ھەرىكەت ۋە ئىدىيەلەرگە مېڭىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالىدۇ. مەسىلەن: قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! دەپ خىتاي بىزنى مەجبۇر قىلىش ئەمەس، بىز خىتاينى مەجبۇر قىلىش مەقسىتىگە يېتىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق. سىز بىرى بىلەن كۆزمۇ ـ كۆز تىكىلىپ تۇرسىڭىز، چوقۇم سىز ياكى قارشى تەرەپنىڭ كۆزى تالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاينىڭ بۇ كۆزمۇ ـ كۆز قادىلىشىدا ئۇيغۇرلار بەل قويىۋېتىشى كېرەكمۇ؟ ياكى خىتايمۇ؟ ئەگەر بىر ئۇيغۇر بەل قويۇۋەتسە، خىتاي دەل ئۇيغۇرلاردىن بىرسىنى باش ئەگدۈرۈپ، قالغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈشتىن ئىبارەت قويغا ئوخشاش خاراكتېر يېتىلدۈرۈش پسىخولوگىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان بولىدۇ. تۆۋەندىكى كىچىككىدىلا پۈتى باغلانغان پىلنىڭ ھېكايىسى ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا كۆنۈش ۋە قوبۇل قىلىش پىسخىكىسىنىڭ قانداق يېتىلگەنلىكىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن:

بىر كۈنى بىر كىشى ھىندىستانغا ساياھەتكە بېرىپ، بىر ياشانغان ئادەمنىڭ ئىنتايىن چوڭ بىر پىلنىڭ بىر پۇتىنى كىچىككىنە بىر قوزۇققا باغلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ پىلنىڭ پۇتىنى كۈچەپ بىرلا تارتسا قوزۇقنى يۇلۇپ بوشىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ ۋە ئۇ ياشانغان ئادەمگە:

_ ھەي ئەخمەق بوۋاي، شۇنچە چوڭ پىلنى كىچىككىنە بىر قوزۇققا باغلاپ قويغىنىڭ نېمىسى؟ قېچىپ كەتمەمدۇ؟ دەپتۇ. بوۋاي:

_ سەن ئەتە كېلىپ قاراپ باق، ئەگەر پىل قېچىپ كەتمىگەن بولسا سوئالىڭغا ئاندىن جاۋاب بېرەي، دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى ئەتىسى كېلىپ قارىسا، پىل تۈنۈگۈنكى جايىدا تۇرغۇدەك. بوۋاي كۈلۈمسىرەپ:

ـ مەن بۇ پىل تۇغۇلغاندىلا ھەر كۈنى ئۇنى مۇشۇنداق كىچىك قوزۇققا باغلاپ

قوياتتىم، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ قوزۇقتا كۆچى يەتمەيتتى. پىل چوڭ بولدى، لېكىن قوزۇقنى ئۆزگەرتمىدىم. پىل بۇ قوزۇقتا كۆنۈپ كەتكەنلىكتىن ھازىر ئۇنى بىرى قوغلىسىمۇ ئۇ بوشىنىپ قاچمايدۇ. ھەم قاچالمايمەن، كۈچۈم يەتمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ، دەپتۇ.

خۇددى پىل چوڭ بولغاندا ئارقاننى ئۈزەلەيدىغان تۇرۇپمۇ قاچمىغاندەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان، تۇغقانلىرى بىلەن پۈتۈن ئالاقىنى ئاللىقاچان ئۈزۈشكە مەجبۇر بولغان تۇرۇپمۇ، بەزى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن مىدىرلاش مۇمكىن بولمايدىغان پايدىسىز ئىشلاردەك تۇيۇلىدۇ.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇيغۇرلار ئەركىن دۆلەتكە، ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتكە چىققان تەقدىردىمۇ، بۇ ئەركىنلىك ئۇلارنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى ئەركىنلىك بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مېڭىسى يەنىلا خىتاي كونسۇلىنىڭ بىۋاستە تەھدىتى ۋە كۆرۈنمەس قوللار ئارقىلىق كونترول قىلىنىپ تۇرىدۇ. نوقۇل ھالدا ئۇيغۇر مىللىتىنى ياكى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئوخشاش تەقدىردىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ خىل تەقدىرىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، مېڭە يۇيۇلۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، سىرتقى دۇنيانىڭ غىدىقلىشىدىن باشقا، شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆز مېڭىسىنى ئېچىش ياكى تاقىشىغا باغلىق بولۇپ، ئېچىۋېتىلگەندە ئۇ مېڭىنىڭ قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا يول قويىدۇ ۋە لوگىكىلىق سەۋەبلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق مېڭىنىڭ قارار بېرىش فۇنكسىيىسىنى نورماللاشتۇرىدۇ. ئېتىۋالغىنىدا بولسا مېڭىنى بىرلا ئۇچۇرنىڭ، مەسىلەن: تەھدىتنىڭ، تېررورنىڭ ياكى بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنىڭ قۇلى قىلىۋالىدۇ.

## 5 ـ تەشۋىقات

خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇلۇغلاشنى، خىتاي مىللىتىنى ئۈستۈن كۆرۈشنى تەشۋىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىغا، بىچارە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇش، ئىسلامنى بۇرمىلاش ۋە سۇسلاشتۇرۇش تەشۋىقاتلىرى. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بۇ خىل تەشۋىقاتلار خەۋەر، فىلىم ۋە نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنى توپلاپ

سىياسىي ئۆگىنىش قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىپلا قالماي، كوچا ـ رەستىلەرگە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى مەدھىيەلەيدىغان «پارتىيە بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ» ؛ «ناننى ناماز بەرمەيدۇ، پارتىيە بېرىدۇ» دېگەندەك ئىسلام دىنىنى چەكلەيدىغان چوڭ خەتلىك ئېلانلارنى چاپلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. تەشۋىقاتلار ئۇيغۇرلار كۆزىنى ئاچسا كۆزىگە كۆرۈنىدىغان، كۆزىنى يۇمسا چۈشىگە كىرىدىغان دەرىجىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قاتلىمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىگە ھېچقانداق بوشلۇق قالدۇرمىغان.






## ئا) تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ سۆزلىتىش

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش، ئۆز دۆلىتىنى قايتۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىگە قارشى ماقالە ۋە شېئىرلارنى يازدۇرۇش، ئۇيغۇر غالچا ئاكتىپلارنى تەربىيەلەپ يېزا ـ يېزىدا سۆزلىتىش، ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ سۆزلەش. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى كونترول قىلىشتا ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈشىنى كونترول قىلىپلا قالماي، بەلكى ئاڭلاش، سۆزلەش دائىرىسىنىمۇ كونترول قىلىنىۋالغان بولۇپ، بۇ دەل ئۇيغۇر مېڭىسى سىرتقى مۇھىتتىن ئالىدىغان بارلىق ئۇچۇرلارنىڭ مېڭىگە كىرىش ئېغىزلىرىغىچە كونترول قىلىشتۇر. ئەلۋەتتە ھەر كۈنى خۇشال ـ خۇرام ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى، يالغاندىن يېڭى كىيىملەر كىيدۈرۈلۈپ، بىر يېزىدا بىرەر تال چىقىپ قالىدىغان ياسىداق ئۆيلەردە ئولتۇرغۇزۇلۇپ لېنتىغا ئېلىنغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھاياتىنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغان بىر ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشىلىق دېگەن نەرسە بولمايدۇ، ئەكسىچە بىز ئۇيغۇرلار خىتاي پارتىيىسىنىڭ ئادىل مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋېتىپتۇق دەپ رازى بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قانداق بىر ئېغىر زۇلۇمغا چىديالماي ھاياتىنى خەتەرگە ئاتقىنىنى بولسا قىلچە ئېغىزغا ئالماي، ئۇلارنى بىكادىن بىكارغىلا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققانلار دەپ تەسۋىرلىگەن خەۋەرلەرنى ۋەياكى كوچىدا كېتىۋاتقان خىتايلارنى، خىتاي ساقچىلىرىنى ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا ئۆلتۈردى دەپ تەسۋىرلەنگەن خەۋەرلەرنى ھەر كۈنى كورۈۋېرىشكە مەجبۇر بولغان كىشىلەر بولسا بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالىدۇ ۋە قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى خاتا قىلدى دەپ قارايدۇ.

## ب) قەسەم بېرىش پائالىيەتلىرىنى سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلىپ جىددىي ئۇيۇشتۇرۇش

خىتاي ھۆكۈمىتى شەھەر، يېزا ـ بازارلاردا ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى، دېھقانلارنى ئىشتىن سىرت سىياسىي ئۆگىنىشكە يىغىۋېلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇش ئىدىئولوگىيەسىنى ئوقۇتۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇرلارنى خىتاي بايرىقى ئالدىدا: «خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋە كوممۇنىست پارتىيىگە قارشى ھەرىكەتلەرگە، كىشىلەرگە

قارشى تۇرىمەن. ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن» دەپ قەسەم بەرگۈزىدۇ. بۇ خىل قەسەم بەرگۈزۈش، مېڭە يۇيۇشتا خىتاينىڭ ئۆزىگە سادىقلارنى تەربىيەلەشكە ئىشلىتىدىغان مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن يەنە بىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى سەپكە ئايرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما قەسەم بەرگۈزۈش ۋە تەكرار - تەكرار سىياسي ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلۇشقا كىشىلەر مېڭىسىنىڭ بېرىدىغان ئىنكاسى ئوخشاش بولمايدىغان بولۇپ، ھېچقانداق باشقا مەنبە بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان مېڭىنىڭ سادىقلىق بىلدۈرۈش ئىنكاسى تېز بولىدۇ. ئەمما بەزىلەرگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ يوشۇرۇن نەپرەتنى كۈچەيتىشىمۇ، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مېڭە ئىنكاسى ۋە تۇيغۇسىنى پالەج ھالغا چۈشۈرۈپ ھەرىكىتىنى روبوتلاشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇ يەردە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان شەرقىي تۈركىستانلىق بىر دېھقان مۇنداق دەيدۇ: «كەچكىچە قەسەم قىلغۇزىۋەرگەن، يالغاندىن ئېغىزنى مىدىرلىتىپ قويسا ياكى بوش دېسە، ئىچىڭدىن چىقىرىپ دېمىدىڭ دەپ ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىۋەتكەن، ئاپىرىپ سولىۋەتكەنلىكتىن، باشتا ئادەم قەتئىي دېگۈسى كەلمەيدىغان، دېيىشتىن قورققان گەپنىمۇ خىيالىمىزغا كىرىپ چىقماي دەپ قەسەم بېرىۋېرىدىغان بولۇپ كېتىدىكەنمىز. ئىشقىلىپ مەن، قەسەم بېرىۋاتقان مېنىڭ ئاغزىممۇ، مەنمۇ ئەمەسمۇ بىلەلمەس بولۇپ كەتكەن.»



## س) ئۆرپ ـ ئادەتنى بۇرمىلاش خىزمەت گۇرۇپپىلىرى

ئۆرپ ـ ئادەتكە ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن قارشى تۇرۇش شوئارىنى كۆتۈرۈۋالغان خىتاي خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ۋە ئۇيغۇر غالچىلارنى تەشكىللەپ، مۇكاپات سومىسى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن چاقىلىشىپ توي قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، ھەتتا مەجبۇرلاش. بۇ ئۇسۇللار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ گېنىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش بولۇپ، مېڭە يۇيۇشنى ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشان قىلىدۇ. لېكىن خىتاينىڭ بۇ تاكتىكىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2000 ـ يىلىدىكى ـ5 قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئېنىقلىنىشىچە پۈتۈن خىتاي بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىش نىسبىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن تويلىشىشى 1.05% گىمۇ يەتمىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتچىسى لى شاۋو لۇنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن زادىلا ئارىلاشمايدىغانلىقى ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن.[1] ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ خىتايلاردىن ئىنتايىن يىراق بولۇشى تويلىشىشتىكى توسالغۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ يەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى تويلاشتۇرۇپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل قاتتىق ۋە يۇمشاق ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتقان بولۇپ، تويلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ گېنىنى ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. تويلاشتۇرۇش ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ تېز قەدىمى بولۇپ، گېنىنىڭ ئالمىشىشى، ئۇيغۇر مېڭىسىنىڭ ئالماشقان يېڭى گېن ۋە ئېرسىيەتنىڭ تەسىرى ئارقىلىق قوماندانلىق قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، يېڭى بىر ئەۋلاد خىتاي مۇھىتىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن قويۇق بولغان بىر ئائىلىدە يېتىشىدۇ. نەتىجىدە ئەسلىدىكى ساپ ئۇيغۇرغا مەنسۇپ بولغان مېڭە ئىنكاسىغا ئاساسەن قارار بېرىش يوق دېيەرلىك ھالغا كېلىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىشىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بولۇپ، خىتاي بىلەن توي قىلغان ھەر بىر ئائىلىگە 5 يىلغىچە يىلدا 10 مىڭ يۈەن خىتاي پۇلى مۇكاپاتى بېرىشنى، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسىغا 20

(1) blog.ifeng.com/artcle/18225474.html

مىڭ يۈەن داۋالىنىش ھەققى بېرىشنى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يەسلىدىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان پۈتۈن چىقىمىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىغانلىقىنى، خىتاي بىلەن توي قىلغان ئائىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ كەسپى مەكتەپلەردە ئوقۇسا ھەر يىلى 300 يۈەن ئوقۇش مۇكاپاتىغا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇسا ھەر يىلى 5000 يۈەن ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى يولغا قويغان.[1] شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇيغۇرلاردىن يەنىلا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ خىتاي بىلەن توي قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي بىلەن توي قىلىشنى ئاچ - يالىڭاچ قالغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلماسلىقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەتتا ئۇيغۇر قىزلارنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىش تېپىپ بېرىش باھانىسىدە ئىچكىرىگە يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى چەكلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن تويلىشىپ كېتىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى 2007 - يىلى 4 - ئايدا چىقارغان دىنىي ئەسەبىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش قانۇنىنىڭ بىر ماددىسىغا باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىشقا ئارىلاشماسلىق قانۇنىنى كىرگۈزۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىدا باشقا دىن ياكى دىنسىزلار بىلەن توي قىلىشى چەكلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ تارقىلىشى، شۇنداقلا ئاتا - ئانا ياكى ئۇيغۇر توپلۇمىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ خىتاي بىلەن توي قىلىشىنى توسۇشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ماددىغا ئاساسەن



(1) http:m.cn.nytimes.com/china/20140903/c03xinjiang/

ئاتا ـ ئانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان نىكاھ ھەققىدىكى ئىسلامىي تەشۋىقاتى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلاپ، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، خىتاي تەشۋىقاتلىرى، جەلپ قىلىش ئويۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا ئاسانلا كالللىسى يۇيۇلۇپ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا ھازىر بولغان بىر تۈركۈم ياش ئەۋلادلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە پۇرسەت ياراتتى.

ھاراق ئىچىش مۇسابىقىسى ئويۇشتۇرۇپ، ھاراق ئىچىشنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئىدى، ئۇيغۇرلار ھاراق كۆتۈرەلەيدىغان مىللەت، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۆرپ ـ ئادىتىنى يوق قىلىۋەتمەكتە، دەپ تەشۋىق قىلىش.

ئۇزۇن چاچ كۆرگەزمىسى ئېچىپ، ئىدارە ـ جەمئىيەت، شەھەر، يېزا ـ قىشلاقتىكى ئاياللارنى خالىمىغىنىغا قارىماي، مەجبۇرىي قىسقا كۆڭلەك كىيدۇرۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇتۇپ كۆرگەزمە قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشى تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئىدى، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىشىنى يوشۇرۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىسراپ قىلىۋەتتى دەپ تەشۋىق قىلىش. كوچىلارنى «بەدىنىڭىزنى ئېچىپ گۈزەللىكىڭىزنى نامايەن قىلىڭ» دېگەندەك ئېلانلار بىلەن توشقۇزۇش. بۇرمىلاش، مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنۇملۇك قوللىنىپ كېلىۋاتقان تاكتىكىلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇش، ئەسلىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىزىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇرلاش ئىنتايىن ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھەتتا ئىماملارنى باش بولۇپ كىچىك ئالما ئۇسسۇلىنى ئويناشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئاممىسىدا كىشىلەرنىڭ روھىنى مەست قىلىدىغان بەزىبىر ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى «ھارام» دەپ قارايدىغان ئىسلامىي تەشۋىقاتقا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە.

كىچىك ئالما ئۇسسۇلى ـ كورېيەدە ئىشلىگەن بىر MTV بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىنىڭ شەيتاننىڭ كىچىك ئالما ئۇسسۇلىغا ئالدىنىپ ئالمىنى يېگەنلىكى ۋە شەيتان بىلەن بىللە يەر يۈزىدە بۇ ئۇسسۇلنى ئويناپ، پۈتۈن ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن بەھرىمەن بولۇپ ياشىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى مەخسۇس بۇ ئۇسسۇلنى تاللاپ كەڭ ئۇيغۇرلارغا ۋە دىنىي زاتلارنى

باشلامچى قىلىپ ئوينىتىش ئارقىلىق، دەسلەپتە ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدۇ، غۇرۇر قايتا - قايتا دەپسەندە قىلىنغاندىن كېيىن، كىشى مېڭىسى ئارقىلىق پەرۋاسىزلىق ئىنكاسى يوللاپ، بەدىنى بىلەن روھى ئوتتۇرىسىدا بىر قاسراق تام پەيدا قىلىۋالىدۇ - دە، خۇددى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بىرىدەك پەرۋاسىز ھالغا كېلىش ئارقىلىق غۇرۇرىنى ئازابلىنىشتىن ساقلىماقچى بولىدۇ. تەكرار مەشىق قىلىنغاندىن كېيىن مېڭىدىكى پەرۋاسىزلىق ئىنكاسى مېڭىنى «بۇ ئۇسسۇلنى نېمىشقا ئوينىغۇدەكمەن؟ ياقتۇرمايمەن، غۇرۇرىمغا تەگدى» دەپ ئويلاشنى بارا - بارا پۈتۈنلەي توسۇپ قويىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينىغاندا راھەتسىزلىك ھېس قىلىشنى يوقىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىچىك ئالما شەيتان ئۇسسۇلى، ئۇيغۇرلارغا شەيتانغا ئەگىشىشنى مەنىۋى جەھەتتىن مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مېڭە ئەۋرىشىمچانلىقىدا ئۆزگىرىش ياساپ مېڭە يۇيۇش مەقسىتىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇسسۇلنى بىرنەچچە قېتىم ئويناشقا مەجبۇري قاتناشقان بىر قىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇسسۇل ئويناشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتىم، ھەر ھالدا ئوغرىلىقچە بولسىمۇ ناماز ئوقۇيتتىم، ئۇ ئۇسسۇلنى ئويناۋەرگەندىن كېيىن ئۇ ئۇسسۇل كاللامغا كىرىۋالدى، دىققىتىمنى باشقا نەرسىگە يىغالماس بولۇپ قالدىم. شۇ ئۇسسۇلنى ئوينىغان كۈنلىرىمدە نامازنىمۇ تاشلىۋەتتىم، قانداقتۇر نۇرغۇن نەرسىلەردىن جىجىل بولمايدىغان، ئۆزەمنى ئانچە تارتمايدىغان بولۇپ قالدىم».



## 6 ـ دىننى بۇرمىلاش

خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ئىمام تەربىيەلەش ۋە بۇ ئارقىلىق دىننى بۇرمىلاش.

ئىماملار تۇرمىلەردە، مەسچىتلەردە بۇرمىلانغان دىن ئارقىلىق مىللەتنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش ئىدىئولوگىيە تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن «قۇرئان» نى مۇستەملىكە خىتاينىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشىش، مەسچىتلەردىكى تەشۋىقاتلار ئارقىلىق خەلقنى خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسەتمەسلىككە ئۈندەش. بۇ تەشۋىقاتلار خىتاي ساقچىلىرىنىڭ بىۋاستە كۆزىتىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئىمامنىڭ بۇرمىلانغان تەشۋىقاتىغا سوئال قويغۇچىلار دەرھال تۇتقۇن قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئەمەت ئوبۇل، 29 ياش. 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىمامنىڭ تەبلىغىگە سوئال قويغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى ئاق مەسچىتتە جۈمە نامىزىدىن يېنىشىدا قولغا ئېلىنغان. ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى ھازىرغىچە نامەلۇم. باشقىلارنىڭ تەرىپلىشىچە ئاق مەسچىتكە خىتاي تەرىپىدىن تەيىنلىگەن ئىمام ھەر جۈمە نامىزىدا سەۋرى قىلىشنى تەكىتلەيدىغان بولۇپ، ئۇرۇمچى ۋەقەسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

ئالللاھنىڭ سەۋرى قىلغۇچىنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايمەن دېگەن ۋەدىسى بار. بۇ دۇنيادا قانچىلىك ئېغىر كۈنلەرنى كۆرسىڭىز، گۇناھىڭىز يۇيۇلۇپ جەننەتكە كىرىش يولىڭىز شۇنچە تېز ئېچىلىدۇ. ئەڭ جاپالىق، ئەڭ قىيىن تۇرمۇش كەچۈرگەنلەر ۋە ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلغانلار ئالللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىدۇر. ئەمەت ئوبۇل ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر كۈنلەر ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن بولسىچۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلىش كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا قۇرئاندىكى قىساس ئېلىشنى ۋە ھەق ـ ئادالەت ھەققىدىكى ئايەتلەرنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟» ئىمام جاۋاب بېرەلمىگەن. جۈمەگە قاتناشقۇچىلار غۇلغۇلا قىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئۆتىمەيمىز دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتكەن.

(بۇ ۋەقە، ۋەقەگە ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە گۇۋاھچى بولغان يۇنۇس مەمەتنىڭ

2001 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتورنىڭ ئۇرۇمچىدىكى زىيارىتى جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئېلىپ بارغان سۆھبەتتىن ئېلىندى).

دىنىنى چەكلەش ئارقىلىق مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى، يالىڭاچ ھالدا زومىگەر ھوكۇمرانلىق يەنى زوراۋانلىق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، چەكلەش سىياسىتى گەرچە قارىماققا مېڭە يۇيۇش ئەمەس مەجبۇرلاشتەك كۆرۈنسىمۇ، دىندىن يىراقلاشتۇرۇشقا مەجبۇرلانغان بىر ئەۋلاد دىلىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ، مېڭىسى يۇيۇلماي ماسكا بىلەن ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد بولسا خىتاينىڭ دىنغا زىت تەشۋىقاتلىرى ئىچىدە مېڭىسى خىتاي تەرىپىدىن ئىنتايىن تېز يۇيۇلىدىغان مەھسۇلاتلارغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، خىتاينىڭ 18 ياشتىن تۆۋەنلەرنى ۋە ئاياللارنى مەسچىتكە كىرگۈزمەسلىكى ئۇيغۇر ياشلىرى شۇنداقلا ئائىلىدە باللىرى بىلەن ئەڭ كۆپ بىللە بولىدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ دىنىنى سۇسلاشتۇرۇش ئارقىلىق مېڭىسىنى ئاسان يۇيۇپ ئاسان كونترول قىلغىلى بولىدىغان كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنى يېتىشتۇرمەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يەردە ئۆزەم بىۋاستە ئۇچرىغان مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن: بۇندىن 3 ـ 4 يىل ئىلگىرى ئۇرۇمچىدىن كاناداغا كەلگەن مەلۇم بىر ھەدىمىزنى تورونتودىكى تۈركلەرنىڭ بىر مەسچىتىگە باشلاپ بارماقچى بولغىنىمدا: «ياق بولمايدۇ، ئاياللار مەسچىتكە بارسا قانداق بولىدۇ» دەپ تۇرۇپلا ئالغان ئىدى. ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرۈپ: «بۇ يەر خىتاي ئەمەس، بارسىڭىز بولىدۇ» دېسەممۇ، ئۇ: «ياق، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشى خاتا، توغرا بولسا ھۆكۈمىتىمىز چەكلەمتى» دەپ تۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ خانىم ئەمەلىيەتتە بۇ سۆزلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كانادادا تۇرۇپ قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مېڭىسى يۇيۇلغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتى دەپ قارىغان ۋە سادىقلىق بىلەن: «ھۆكۈمەت بىلىپ دەيدۇ، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە كىرىشى ئىسلامدىمۇ خاتا، توغرا بولسا ھۆكۈمىتىمىز چەكلىمەيتتى» دەپ تۇرۇۋالغان ئىدى.

## 7 ـ كۆڭۈلنى مايىل قىلىش

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تاكتىكىنى تۈرمىدە سىياسىي مەھبۇسلارنى مەجبۇرىي

ئىقرار قىلدۇرۇشقىلا ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تۇرمە سىرتىدىمۇ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، يەرلىك كادىرلارنى ئىنتايىن قاتتىق قول بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇلار خەلققە قانچە قاتتىق قول ۋە ۋەھشىي بولغانسېرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە شۇنچە ئېرىشىدۇ ۋە ئۆز ئۆرنىنى بۇ خىل ساداقىتى ئارقىلىق مۇستەھكەملەشكە تىرىشىدۇ. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك كادىرلارنى تاللاپ يېتىشتۈرگەندە، يەرلىك ساقچى كومىتېتلىرىغا ئۇيغۇرلاردىن ساقچى قوبۇل قىلغاندا ئۇلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەخسۇس خاراكتېرى ساغلام بولمىغان ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىكىدىن قورقىدىغان، ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان پىسخىكىغا ئىگە بولۇپ، باراۋەرلىك، مېھرى ـ شەپقەت ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسى يوق دېيەرلىك. غەرب دۆلەتلىرىدىن بىرىگە ئوغلىنى ئوقۇشقا چىقارغان بىر ئۇيغۇر، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم يېزىلىق ھۆكۈمەت يەر مۈلۈك باشقۇرۇش كادىرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى ساياھەت ۋىزىسى بىلەن بالىسىنى يوقلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە گەپ ئارىسىدا دېگەن بىر جۈملە سۆزى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى: «بىزنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدىمۇ بار گۇناھ، ھۆكۈمەتكىلا گۇناھ قويساق قانداق بولىدۇ؟ يېزىلاردا بەك قالاق، ھۆكۈمەت يېرىڭنى ئىشلىتىمىز دەپ تۇرسا، سەن ھۆكۈمەت بىلەن قانداق قارشىلىشالايسەن؟ يېرىمنى بەرمەيمەن دەپ يېتىۋالىدۇ. بەك كاج! ئۇ خەقنىڭ دەستىدىن يۇقىرىدىن مەن تىل ئىشتىۋاتقان. ئاچچىقىمدا ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۇرۇپمۇ كېتىمەن بەزىدە».

سىز، يېنىڭىزدا قاراپ تۇرغان خىتاي باشلىقنى نېمىشقا بۇ دېھقاننىڭ يېرىنى تارتىۋېلىشقا بۇيرۇيسەن؟! نېمە ھەققىڭ بار ئۇنىڭ يېرىدە؟! دەپ تىللىماي دېھقاننى تىللامسىز تېخى؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ:

ـ ئۇنىڭغىمۇ ئاچچىقىم بار، ئەمما ئۇلارغا چېقىلغىلى بولمىغاندىكىن شۇ دېھقانلارنى ئۇرۇپ تىللايدىغان گەپ. . .

ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى دېگەن كىنايە سۆزنىڭ ئۇيغۇرلاردا نېمە ئۈچۈن كەڭ تارقالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاچچىقلىنىشىغا زادى كىمنىڭ ۋە

نىمىنىڭ سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئايرىيالمايدىغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت باشقىلارنىڭ قونچىقى شەكلىدە ناھەقچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقتىن، پسىخىكىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ئاسان ۋە داۋاملىق ئاچچىقلايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئاچچىقى ئەمەلىيەتتە ناھەقچىلىك قىلغۇچى تۈپەيلىدىن بولسىمۇ، ئۇ بۇنى ئاڭقىرالمايدۇ ۋە ئاڭقىرغان تەقدىردىمۇ بۇ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان ئەڭ ئاجىز، ئەڭ قولاي ئوبيېكتنى ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە بۇزۇلغان پسىخىكىسىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان خىتاي ئەمەلدارنى ئەمەس، ھەقسىزلىققا ئۇچرىغان دېھقاننى ئۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن جاق تويغان، ياشىغۇدەك ھالى قالمىغان بىر چاغدا، مەركەزدىن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىرمۇنچە خىتاي ئەمەلدارلار كېلىدۇ ـ دە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن نامراتچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى، يەرلىك كادىرلارنىڭ بەزىدە ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق نادان يەرلىك خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالىدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار: «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى ياخشى، مەركەزدىن كەلگەن سىياسەت يەرلىكتە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەسلى خىتاي ھۆكۈمىتى بىزگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ، بىزگە زۇلۇم قىلىدىغان مۇشۇ يەرلىك ئۇيغۇر كادىرلار» دەپ قاراپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ساداقەت بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى زىيارەت خاتىرىسى مەن 2001 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغىنىمدا قەشقەرنىڭ يېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ئېغىزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلىغان سۆزلەر:

ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەت باغرى تاش مىللەت، ئەگەر بىز خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇپ قالساق، ئۇيغۇرلار ھوقۇق تۇتسا بىزنى خىتايدىن بەكرەك ئېزىدۇ. ئەڭ ياخشىسى خىتاي بىلەن بىللە ياشىغىنىمىزمۇ ياخشى...

ھەتتا ئۇلار شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، مەن 2001 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە بارغىنىمدا، ئۈرۈمچىلىك پۇل تاپقان بىر تىجارەتچى ئۆزىنىڭ پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەشكە ياردەم قىلىش ئۈچۈن دېھقانلارغا ئىككى ماشىنا ئۇن ئەۋەتكىنىدە پەيزاۋاتلىق ياشتا چوڭ قېرى دېھقانلارنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ: «گۇڭچەنداڭغا رەھمەت! سىزنى يېتىشتۈرگەن گۇڭچەنداڭغا رەھمەت! ماۋ

ئاتىمىزغا رەھمەت» دېگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى، ئۆز ئېغىزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ۋە قىرى دېھقانلارنىڭ ھەتتا ھازىرغىچە ماۋنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنىمۇ بىلمەي ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا: «ئاللاھ يولىدا ساۋابلىق ئىش قىلىدىڭىز، ئاللاھ ساۋابىڭىزنى بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ قاتتىق ئۆكۈنگەنلىكىنى بىلدۇرگەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى رېئاللىقنى ئۇيغۇرلارغا پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ كۆرسىتىش بىلەن ئۇيغۇرلارنى بىلىمسىز، قالاق ھالەتتە قالدۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ۋە ئۇچۇرلارغا ئاساسەن زېھنى كۈچىنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرۇشىنى تارتىپ ئالغانلىقتىن، بۇرمىلانغان رېئاللىق بۇ خىل ئەھۋالدىكى ئۇيغۇرلارغا نورمال كۆرۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسلى رېئاللىقىنى كۆرۈش ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ئوقۇشسىز قالدۇرۇلغان، بىر ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ ناچار ياشاش شارائىتىدا ياشاشقا مەجبۇرلانغان ئۇيغۇرلاردا نەتىجىدە قارىغۇلارچە زۇلۇم قىلغۇچىغا سادىقلىق ۋە چوقۇنۇش پسىخىكىسى يېتىلىدىغان بولۇپ، ئۆمۈرۋايەت كەمبەغەللىكتە ئۆتكەن ھاياتىدا مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغان، ھاياتىدا ئۆزىنىڭ يېزىسىدىن باشقا يەرنى كۆرۈپ باقمىغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى يېزىلىق نىياز سوپى ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بوۋاينىڭ شى جىن پىڭنى مەدھىيەلەپ تۆۋەندىكىدەك قوشاق قاتقانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالى:

ياغنى بەردى شى جىن پىڭ،
قورسىقىمىز ئاچ قالسا،
ئاشنى بەردى شى جىن پىڭ،
نانىنى بەردى شى جىن پىڭ،
ئۆيلىرىمىز بولمىسا، ئۆينى بەردى شى جىن پىڭ.
كۆمۈر كان ئاچاي دېسەك تاغنى بەردى شى جىن پىڭ.

گەرچە بۇ خىل پسىخىكا يەنە قىسمەن ئەھۋاللاردا سادىقلىق تۈپەيلىدىن ئەمەس، بويسۇندۇرغۇچىغا خوشامەت قىلىش، ياخشىچاق بولۇش ئارقىلىق زۇلۇمدىن

قۇتۇلۇپ قېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئارزۇسى تۇسىنى ئالسىمۇ، ئەمما داۋاملىق تەكرارلىنىش ۋە كوللېكتىپ شەكىلدە ئىپادىلىنىشكە ئۆتۈش جەريانىدا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىپ كىرىش ئېھتىماللىقى تولىمۇ قورقۇنچلۇق.

## 8 ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرچە يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىش

خىتاي ھۆكۈمىتى شەھەر ـ يېزا كوچىلارغىچە، ئۇيغۇرچە يەر ناملىرىنى خىتايچىغا ئۆزگەرتىشنى كەڭ كۆلەمدە يۈرگۈزۈپ كەلدى. ھەتتا بۇرۇنقى يەر ناملىرى ساقلانغان كىتاب ـ خەرىتىلەرنى چەكلەش ۋە يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە يېڭى بىر ئۇيغۇر ئەۋلادى ئۆزى ياشىغان زېمىننىڭ ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايتتى ۋە بۇ زېمىننى پۈتۈنلەي خىتايغا تەۋە دەپ قارايتتى.

ھازىرغا قەدەر خىتايدا چىقىرىلغان يېڭى خەرىتىلەر ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بۇرۇن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى كىتابلىرىغا ئاساسلانغاندا 900 گە يېقىن يېزا ـ قىشلاقنىڭ ئىسمى ۋە چوڭ شەھەرلەردىكى مەھەللە، كوچىلارنىڭ ئىسمى پۈتۈنلەي دېگۈدەكلا خىتايچە ئىسمىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن.

## 9 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە يوق قىلىش

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى تەلەپپۇز قىلالماسلىقى تۈپەيلىدىن خىتايچە فونتېكست بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرىلماسلىقى بىلەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى، چۈشىنىكسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆز ئارا ۋە نورمالدا ئۇيغۇرچە ئىسىمنى قوللىنىپ كەلدى. ئۆزگەرتىلگەن ئىسىملار ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر ھېس قىلالماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئىسمى پۈتۈنلەي خىتايچىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن يېتىم باللار بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە.[1] خىتاي ھۆكۈمىتى 2015 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسىملىرىنى چەكلەشكە ئۆتكەن بولۇپ، قۇرئان ۋە ئىسلامى تارىخلاردىن ئېلىنغان 29

(1) http://www.rfa.org/english/news/uyghur/orphans-05222009142223.html

مۇسۇلمانچە ئىسىمنى دەسلەپكى قەدەمدە خوتەندە چەكلىگەن. ئىسلامىي پۇراق قويۇق بولغان «مۇھەممەد، ئائىشە، مۇسلىمە، ئايىلدىز، فاتىمە، زىكرۇللاھ، سەيپۇللاھ، ھۈسەيىن» قاتارلىق ئىسمى بارلارغا ئىسمىنى دەرھال ئالماشتۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن.[1] ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى داۋاملىق مۇشۇنداق دەسلەپتە سىناق تەرىقىسىدە سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ ئاندىن بىراقلا ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بولۇپ، ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان ئىسمى باھانىسىدە چەكلەپ ئۇيغۇرلارنى ساپ خىتايچە ئىسىم قويۇشقا مەجبۇرلاش مۇمكىنچىلىكى ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەس. بۇلارنى ئويلىغىنىمدا دائىم خىتايلاردا مەشھۇر بولغان مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىدۇ:



چەكلەنگەن ئىسىملار تىزىملىكى

| ئىسىم (ئوغۇللار) | رەتى | ئىسىم (ئوغۇللار) | رەتى | ئىسىم (قىزلار) |
|---|---|---|---|---|
| بىللادىن | 9 | سەيپۇللا | 1 | ئاسانەت |
| سادام | 10 | گۆلدۇللا | 2 | مۇسلىمە |
| ھۈسەيىن | 11 | سەيپىدىن | 3 | مۇخلىسە |
| ئەرافات | 12 | زىكرۇللا | 4 | مۇنىسە |
| مۇجاھىت | 13 | نەسرۇللا | 5 | ئائىشە |
| مۇجاھىتۇللا | 14 | شەمشىدىن | 6 | فاتىمە |
| ئەسەبىتۇللا(ئەسەبىدۇللا) | 15 | بەخىردىن | 7 | خەدىچە |
| ئابدۇل ئەزىز | | | | |

توخولا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، ئاھالە كومىتېتى

خىتايدا قوشنا ئىككى يېزا بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى سۈن، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى جاڭ ئىكەن. سۈن يېزىسىدىكىلەر ئات بېقىپ ئاتقا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن، جاڭ يېزىسىدىكىلەر ياۋا تاغىل ئات بېقىپ، ياۋا تاغىل ئاتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جان باقىدىكەن. سۈن يېزىسىدىكى ئاقساقاللار جاڭ يېزىسىدىكىلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە

(1) http://www.independent.co.uk/news/world/asia/china-ban-islamic-baby-names-muslim-xinjiang-province-uyghurs-burqa-islam-jihad-human-rights-a7700646.html

باي بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاتىلىرىنى ياۋا تاغىل ئاتقا ئالماشتۇرۇۋېتىمىشنى قارار قىلىپتۇ. ئەمما ئاتقا كۆنۈپ قالغان خەلق قارشى چىقىپ، بۇ پىكىرنى زادىلا قوبۇل قىلماپتۇ. سۇن يېزىسىنىڭ ئاق ساقاللىرى ئاخىرى مۇنداق بىر ئەقىلنى ئويلاپ چىقىپتۇ، ئۇلار دەسلەپتە كېچىدە بىر ئاتنى ياۋا تاغىل ئاتتەك تاغىل قىلىپ سىرلاپ قويۇپتۇ، ئەتىسى بۇنىڭغا ھەيران قالغان خەلققە، بۇ ئات كېسەل بولۇپ قالغان ئىكەن سىر پايدا قىلىدۇ دەپ ئاڭلاپ مۇشۇنداق سىرلاپ قويدۇق دەپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق باھانىلەر بىلەن ھەر ھەپتىسى بىر ئاتنى سىرلاپ قويۇپتۇ. ھەممە ئاتلار تاغىل قىلىپ سىرلىنىپ بولغاندا ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى ياۋا تاغىل ئاتقا ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ سۇن يېزىسىدىكى خەلقنىڭ ھېچقايسىسى قارشى چىقماپتۇ.

گەرچە بۇ ھېكايە دېھقانلارنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن ئىجابىي تەرەپتىن ئېيتىلغان بولسىمۇ بۇنىڭ ئاساسى مەنىسى ئىنسانلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۆندۈرۈشكە قارىتىلغان بولۇپ، ھېس ـ تۇيغۇنىڭ كۆنۈپ قېلىشى مېڭىنىڭ مۇستەقىل ئىنكاسىنى توسۇپ قويىدىغانلىقتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئارقىلىق مېڭە يۇيۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، يەنى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن قەبىھ سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۋال مەلۇم رايوندا خۇددى ئاتلارنى بىردىن ـ بىردىن تاغىل قىلىپ سىرلاپ قويغاندەك سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىپ ئۇنۇم ۋە قارشىلىقنى سىناپ كۆرىدۇ.

## 10 ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنى چەكلەش

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىنى، ئەقلىنى، ھېس ـ تۇيغۇسىنى، سۆز ـ ھەرىكىتىنى يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى، ھەممىلا نېمىسىنى ئۆزگەرتىشى، ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزلىرى باشقۇرالايدىغان قۇللارغا ماس سىزىپ چىقىشى كېرەك ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئويلاش قابىلىيىتىنى، ئويلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى تەلەپ قىلىناتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ياكى ئېلىنمىغان نۇرغۇن مېڭە يۇيۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئويلاش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشتە ھەممىدىن بەك كېرەك بولغان تىلغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتكەن بولۇپ، نازۇك سۆزلەر دەپ قارالغان بارلىق سىياسىي سۆزلۈكلەر مەيلى ئۇ خىتايغا قارشى قوللىنىلسۇن قوللىنىلمىسۇن ئۇيغۇرلارنىڭ

سۆزلۈكلىرىدە قاتتىق چەكلىنەتتى.

ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشتا «سىياسەت، خىتاي، قوزغىلىش، ئىنقىلاب، قارشى تۇرۇش، زۇلۇم، تەشكىللىنىش، كۆك بايراق، نامايىش، مۇستەقىللىق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر نازۇك كەلىمىلەر دەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇنداق سۆزلۈك ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ ئېغىزىدىن ياكى يازمىسىدىن تېپىلىپ قالسا ئېغىر جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىناتتى. ئۇيغۇرلار ئاخىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بۇ توردىكى كەلىمىلەرنى ھەتتا بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر ۋە خىتاي مەسىلىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، ئىشلەتمەيدىغان ھالغا كەلگەن. بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆيلىرىدە يالغۇز قالغاندىمۇ يالغۇز قالغىنىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ، تۆت تامنىڭ قۇلىقى بار دەپ ھەرگىزمۇ بۇنداق سۆزلەرنى ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن. بۇندىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى 2015 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «ئاللاھ، ئىمان، ماشائائاللاھ، ئىنشائائاللاھ، ئامىن، تەۋھىد، دۇئا» قاتارلىق سۆزلەرنى نورمالدا ئىشلىتىشنى چەكلىگەن. ئىسلامىي كەلىمىلەرنى ئىشلەتكەنلەرنى دىنىي رادىكال دەپ قاراپ تۇتقۇن قىلغان. خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزلۈكلىرىگە چەكلەش ۋە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى كىشىگە جورج ئورۋېلنىڭ 1984 دېگەن رومانىدىكى چوڭ قېرىنداشلار پارتىيىسىنىڭ: «ئۇلارنى ئۆزگەرتىش، باشقۇرۇش، ئۇچۇن ئۇلارنىڭ پىكىر قىلالايدىغانلىرىنىڭ بۇ پىكىرنى ئىپادىلىشىگە كېرەك بولغان سۆزلۈكلىرىنى قىسقارتىۋېتىش كېرەك. ئىسىم، سۈپەت ۋە خەۋەر ھەممىسىنى قىسقارتىش كېرەك. مەسىلەن، ياخشى دېگەن بىر سۆزنىڭ بارلىق قارشى مەنىدىكى سۆزلۈكلىرىنى يامان دېگەن قارشى مەنىسىنىمۇ لۇغەتتىن چىقىرىپ تاشلاپ پەقەت ياخشى ئەمەس دېگەن بىرلا مەنىسىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ تىلى قانچە كەمبەغەل بولسا بىر ـ بىرى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشى شۇنچە تەسلىشىدۇ»[1] دېگەن يولىيورۇق ۋە سىياسەتنى يۈرگۈزگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنى چەكلەش بىلەنلا قالماي، چوڭ قېرىنداشلار پارتىيىسىدىن نەچچە ھەسسە قەبىھ ھالدا ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشنى قەدەممۇ قەدەم چەكلەۋاتقان بولۇپ، 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا

(1) 1984, George Orwel. Kindle edition. Location 694.
1984 ـ يىل ـ جورجى ئورۋېل، ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى، كىندىل ئورنى 694

قوبۇلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەسلى ۋە مەكتەپلەرنى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىش سىياستى، ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىغان كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ يېتىلىپ چىقىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئويلاش ۋە پىكىر قىلىشىدىكى سۆزلۈكلەرنى يوقىتىۋېتىش ئۇلارنىڭ لۇغىتىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلانغاندا، ئۇيغۇرلار خۇددى سۆز لۇغىتىدە ئۇرۇش دېگەن سۆز يوق بولغان فىلىپپىندىكى قايسى بىر قەبىلىنىڭ ئۇرۇش قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگىنىدەك ياكى ئافرىقىدىكى قايسىدۇ بىر قەبىلىنىڭ سۆزلۈكىدە «سۆي» دېگەن كەلىمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈشۈشنى بىلمىگىنى ۋەياكى سۆيۈشۈشنى بىلمىگەنلىكتىن «سۆي» سۆزى ئۇلارنىڭ لۇغىتىدە مەڭگۈ بولماي كەلگىنىدەك، ئۆزى بىلىشكە، قىلىشقا، ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن.

## 11 ـ تارىخنى بۇرمىلاش

بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن تاكتىكا بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يوق قىلىشنىڭ ئەڭ رەزىل چارىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە كىملىكىگە ئائىت كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ، ئورنىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن خىتاي زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ زېمىنغا كۆچۈپ كەلگەن، سەرگەردان ئاز سانلىق قەبىلە مىللەت ئىكەنلىكى ھەققىدە كىتابلار يېزىلدى. بۇ كىتابلار مەكتەپلەردە دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلۈش ئارقىلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇپ، ئۇلاردا ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك، ئەسلىنى بىلمەسلىك، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش روھى ھالىتىنى پەيدا قىلىپ كىملىكىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلدى. لېكىن ئۇيغۇر خەلقى ئىنسان ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، سەللا بوشلۇق تاپسا ئۆز تارىخىنى بۈگۈنگىچە قەدەر يوشۇرۇنچە ساقلاشقا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا توپلاپ رەتلەشكە تىرىشىپ كەلدى. تۇرغۇن ئالماسقا ئوخشاش تارىخچىلىرىمىز، بۇرمىلانغان ئۇيغۇر تارىخىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىكتى. دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ھەممىلا نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە، خانىۋەيران بولۇشقا، تۈرمىدە چىرىپ كېتىشكە، قانلىق باستۇرۇلۇشلاغا رازى بولدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى

بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى چىشىغا تېگىشكە پېتىنالمايۋاتقان خىتايغا مەردلەرچە ئۆزلۈكسىز قارشى چىقىپ كەلدى. دۇنيادا ئۇنىڭدەك بىر قەھرىمان مىللەت بولمىسا كېرەك، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ تۇرلۇك مېڭە يۇيۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرى بىلەن تىركىشەلىگەن، مۇستەقىل بىر روھنى ساقلاپ قالغۇچىلارنىڭ بولغانلىقىدىن بولدى. مېڭە يۇيۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ سۈرئىتىدىن رازى بولمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا ئۇلارنىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەت ئىكەنلىكىنى، يەنى مىللىي كىملىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قىسمى بولغان مۇسۇلمان كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن، ئىسلامنى بۇرمىلاش ۋە ئۇيغۇرلارنى دىنسىزلاشتۇرۇش تاكتىكىلىرىنى، رەسمىي شەكىلدە، 2017 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مەخسۇس شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغىلا قاراتقان دىنىي ئەسەبىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش نامىدىكى ئىسلام دىنىغا قويۇلغان چەكلىمە قانۇنلىرى ئارقىلىق قانۇنلاشتۇرۇپ يۈرگۈزۈشنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىدىكى ئۆز كىملىكىگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چەكلەپ، ئۇنتۇلدۇرۇپ ۋە يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنى ماڭقۇرتلارغا[1] ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يەردە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ كۆپىنچىسىگە خەلق مەجبۇر قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ مېڭىسى بۇنى قوبۇل قىلمىسىمۇ ئەمما كۆرۈنۈشتە ھەرىكىتىدە بۇنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر، مەجبۇر بولۇپ قېلىش بىلەن مېڭە يۇيۇلۇشى ئىككىسى ئىككى نەرسە دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما مەجبۇر قىلىنىش ئەمەلىيەتتە مېڭىنىڭ يۇيۇلۇشىنى ئەملگە ئاشۇرىدىغان بولۇپ، يۇقىرىدا مەن ئىككى قېتىم تىلغا ئالغان پىلنىڭ ھېكايىسىدەك پۈتى مەجبۇر باغلانغان پىل ئاخىرىدا باغلىنىپ تۇرۇشنى ناھايىتى ھەقلىق ۋە توغرا ھېس قىلىدىغان ھالغا كېلىدۇ. مەجبۇرلانغان ئۇيغۇرلارمۇ ئاستا ـ ئاستا بويسۇنۇشنى ئۆزلىرى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مېڭىسىنىمۇ خىتاينىڭ پروگراممىلىشى بىلەن پروگراممىلايدۇ.

---

(1) قەدىمكى تۈرك رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار ئەسىرگە چۈشكەن كىشىنىڭ چېچىنى باش تېرىسى بىلەن بىللە سويۇۋېتىپ، ئۇستىگە تۆگە تېرىسى چاپلاپ، ئۇلارنى بىر مەزگىل ئاپتاپقا قاقلايدىكەن. تۆگە تېرىسى قۇرىغانسىرى مېڭىنى سقىشقا باشلاپ كىشىنى بىئارام قىلىش بىلەن بىرگە، يېڭى ئۆسۈپ چىققان چاچ بېشىغا چاپلانغان تېرە سەۋەپلىك يۇقىرىغا ئۆسەلمەي، باشنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۆسۈپ مېڭىگە بېسىم قىلىشقا باشلايدىكەن. نەتىجىدە مېڭىسى زەخىملەنگەن بۇ كىشى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنۇتۇپ، ھېچنىمنى ئۆز ئالدىغا ئويلىيالمايدىغان، خوجايىنى نېمە قىل دىسە شۇنى قىلىدىغان، ئۇنىڭ سىزغا سىزىقىدىن چىقمايدىغان كىشىگە ئايلىنىدىكەن. بۇ خىل كىشىلەر ماڭقۇرت دەپ ئاتالغان.

# ئۈچىنچى باب

# قايتا تۈزۈلۈشتىن قايتا تۈزەشكە

19 ـ ئەسىردە ياشىغان ياپونلۇق زەن ( تەرىقەت) پېشۋاسى نانئەننىڭ يېنىغا بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى زەن ئۆگىنىش ئۈچۈن كەپتۇ. نانئەن ئۇنى ئۈستەلگە تەكلىپ قىلىپ چاي قۇيۇپتۇ، ئەمما ئۇ ئىستاكان توشۇپ كەتسىمۇ چاينى قۇيۇۋېرىپتۇ. ئوقۇتقۇچى بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئاخىرى ئۆزىنى تۇتالماي:

ـ پېشۋا، ئىستاكان توشۇپ كەتتى، ئەمدى چاي سىغمايدۇ، دەپتۇ. نانئەن چاي قۇيۇشتىن توختاپ:

ـ خۇددى مۇشۇ قاچىغا ئوخشاش سىزنىڭ كاللىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ خىياللىرى، چۈشەنچىسى ۋە باشقا ئىدىيەلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. سىز مېڭىڭىزدىكى ئىستاكاننى بوشاتمىغۇچە زەن ئۆگىنەلمەيسىز، دەپتۇ.

## تازىلاش

ئۆز كىملىكىمىزگە مەنسۇپ بولغان ئەركىنلىكىمىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاپ مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسىنىڭ قۇربانى بولغان بىر مىللەت ئۈچۈن، مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش بىز يولۇقۇۋاتقان ئەڭ ئېغىر ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن بىرى.

باشقىلار تەرىپىدىن پروگراممىلاشتۇرۇلغان مېڭە ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مېڭە ئەركىن تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسە

مەلۇم چەكلىمە ئىچىدە قېتىپ قالىدۇ ۋە ئۇ دائىرىدىن ھالقىپ چىقالمايدۇ. ئەگەر ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئەركىن مېڭىگە ئېرىشمەكچى بولساق، ئۇنداقتا باشقىلار تەرىپىدىن سىڭدۈرۈلگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسىنى مېڭىمىزدىن تازىلاپ چىقىرىپ، ھېچكىمنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتمىگەن ئەركىن چۈشەنچە بەرپا قىلىشىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق مېڭىمىزنى قايتىدىن پروگراممىلىشىمىزغا ياكى تۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايان، مېڭىمىزدىكى ئوي ۋە چۈشەنچىلەر بىزنىڭ خۇشال ياكى مىسكىن بولۇشىمىز، غەزەپ ياكى مېھرى - مۇھەببىتىمىز، قىزغىنلىقىمىز ياكى ھۇرۇنلۇقىمىز... قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ ھېس - تۇيغۇلار بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، «ئاللاھنىڭ بۈگۈنمۇ شۈكۈرلەر بولسۇن! نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن يەنە بۈگۈن بىر كۈنۈم بار. ئاللاھ ماڭا گۈزەل بىر كۈن بەرگەي» دېسەك، ئۇ كۈنى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىمىز. ئەگەر «بۇ كۈنلەر يەنە باشلاندى، ھايات نېمىدېگەن زېرىكىشلىك، غەم - قايغۇلاردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟!» دېسەك، ئەينەكتە يەرگە ساڭگىلىغان قاپىقىمىزنى كۆرىمىز ۋە شۇ كۈنى بەلكى ھېچ نەرسىنى قىلىشقا قولىمىز بارمايدۇ. مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئويلىغىنىمىزدىكى چۈشكۈن روھىي ھالىتىمىزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كاللىمىزدىكى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ياكى بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرىمىز تەرىپىدىن سىڭدۈرۈلگەن ئوي ۋە چۈشەنچىلەرنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك.

قانداق تازىلايمىز؟ بۇ ئۇنداق ئاسان ۋە ئادەتتىكى جەريان ئەمەس. ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق ۋە قەتئىي ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك مۇھىم نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

**1. مېڭىمىزنىڭ قانداق يۇيۇلغانلىقىنى، مېڭە يۇيۇشنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى تونۇپ يېتىشىمىز، بۇ ھەقتە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن خىتاينىڭ مېڭە يۇيۇش تاكتىكىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇۋېلىشىمىز كېرەك.**

**2. خىتاي كاللىمىزغا سىڭدۈرگەن ئىدىيىلەرنى بىرمۇ - بىر تىزىپ چىقىپ سوئال**

**قويۇش، ئۇنىڭغا قارشى پىكىرلەرنى توپلاپ چىقىش، بولۇپمۇ ھەر بىر كۆز قارىشىمىزغا «ئەگەر شۇنداق بولمىغاندىچۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇش. مەسىلەن:**

1) خىتاي ھۆكۈمىتىنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس.

قارشى سوئال: ئەگەر خىتاي راستىنلا بىز ئويلىغاندەك كۈچلۈك بولمىسىچۇ؟ ھەممە نەرسىنىڭ مۇتلەق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئاجىزلىقى بولىدىغۇ؟ بۇ مېنىڭ شەخسىي قارىشىممۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بۇنى قانداق ئىسپاتلىدىم؟ ياكى بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە خىتاي خەلقىنىڭ قارىشىمۇ؟ پۈتۈن دۇنيا خەلقى بۇ قاراشقا قوشۇلامدۇ؟ ئەگەر بىر ئۇخلاپ قوپسام، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا ئەھۋال قانداق بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ چاغدا مەن قانداق ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق تەييارلىقتا بولۇشۇم كېرەك؟ مەن يەنىلا كاللامدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغان ئىدىيەلىرىمنىڭ ھەممىسىدە چىڭ تۇرغان بولامدىم؟ ...

2) خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ.

باشقىلارمۇ شۇنداق قارامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قارىمىسا، ئاساسى نېمە؟ مەن بۇنىڭدىن گۇمان قىلامدىم؟ ئەگەر گۇمان قىلسام، نارازى بولغان يەرلىرىم قايسىلار؟ بۇ ھەقتە قانچىلىك تەتقىقات ئېلىپ باردىم؟ قانچىلىك ئەمەلىي ئىزدىنىش يۈرگۈزدۈم؟ خىتايلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، خىتاي بىلەن ئۇيغۇر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائى ۋە پسىخولوگىيىلىك مۇ-ناسىۋەتلەرنى قانچىلىك چۈشىنىمەن؟ كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتقان رېئاللىق نېمىلەرنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ؟

**3. رېئاللىقنى كۆزدىن كەچۈرۈش؛ ئۆزىمىزنىڭ مېڭىسىدىكى ئىدىيەلەرگە ئاساسەن ياشىغان ھاياتىمىز، ئاربلاشقان ئىشلىرىمىز، باشقىلارنىڭ ھاياتى، تارىخىمىز، قىممەت قارىشىمىز ۋە بۇ قىممەت قاراشنىڭ تىكلىنىش جەريانىنى زېھنىمىزدىن قايتا ئۆتكۈزۈپ قايتا ئويلىنىپ بېقىش ۋە بۇ جەھەتتە تۈۋەندىكى نۇقتىلارنى ئاساس قىلىش:**

1) ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشىنىدىغان ۋە باشقىلار بىلەن ئورتاقلى-شىدىغان بىر دۇنياسى بولىدۇ.

ھەر بىر كىشىنىڭ رېئاللىق كۆز قارىشى ئۇنىڭ خاراكتېرى، تارىخى، كېلىپ چىقىشى، قابىلىيىتى ۋە ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمايدۇ.

2) ھەر بىر كىشىنىڭ رېئاللىق كۆز قارىشى دوستلىرى، جەمئىيەت، مۇھىت، تەشۋىقات ۋە ئۆز ئېھتىياجىنىڭ بەلگىلىك ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

3) ئىنساننىڭ مېڭىسى ئۆزى قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ساقلىۋالماستىن، بەلكى بەزىلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، بەزىلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ.

مېڭىمىزگە قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلىۋالغان بولسىڭىز، سىز بۇ ئۇچۇرنى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزمىگەن، ئۇنىڭغا قارشى ئىدىيە ياكى ئۇچۇر كۆرۈپ باقمىغان، مەسىلىنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپىنى كۆرگەن بولىسىز.

4). قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغان، كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى %100 بىز ئاڭلىغاندەك ياكى بىز كۆرگەندەك بولماسلىقى مۇمكىن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۆتكەن يىلى ئىشخانامدا (behavioural therapist) سۆز - ھەرىكەت تىراپىستى بىلەن بىللە سەلبىي خاراكتېرى كۈچلۈك ۋە چۈشكۈنلۈك كېسىلى (depression) بولغان خېرىدارلىرىمىزغا، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ئويلىشىنى ئۆزگەرتىش مەشىقى ئېلىپ بارغىنىمىزدا مۇنداق بىر تەجرىبىنى ئېلىپ باردۇق:

قاتناشقۇچىلار سەككىز ئايال بولۇپ، قاتار تىزىلدۇردۇق. بىرىنچى ئايالنىڭ قۇلىقىغا «ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتامدۇ؟ چوقۇم مېنىڭ كىيىنىشىمنى زاڭلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ پىچىرلىدۇق ۋە بۇ سۆزنى ئىككىنچى ئايالنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشنى، ئىككىنچى ئايالنى ئۈچىنچى ئايالغا پىچىرلاشنى ۋە مۇشۇنداق رەت بىلەن پىچىرلاشنى ئېيتتۇق. ئەڭ ئاخىرىدا 8 - ئايالدىن قۇلىقىغا نېمە دەپ پىچىرلانغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا: «ئۇلار داۋاملىق ماڭا قاراپ كۈلىدۇ، چۈنكى مېنىڭ ياخشى كىيىملىرىم يوق، ئۇلار بولسا مېنى زاڭلىق قىلىدۇ، بەك ئۆچ بولدۇم» دېدى. دېمەك بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە، «كۈلۈۋاتامدۇ؟» دېگەن سۆز «كۈلدى» دېگەن سۆزگە، «زاڭلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن سۆز «ئۇلار

مېنى زاڭلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە «چۈنكى مېنىڭ ياخشى كىيىملىرىم يوق» دېگەن سۆز بىلەن «بەك ئۆچ بولدۇم» دېگەن سۆز قېتىلغان ئىدى.

نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق ـ ھە؟ شۇڭا ھېچنەرسىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەڭ. باشقىلارنىڭ رېئاللىقى سىز ئويلىغاندەك ياكى سىز كۆرگەندەك بولۇشى ناتايىن.

5) ئەھۋالنى ئومۇمىيلىققا، پىرىنسىپقا كۆتۈرۈۋالماسلىق.

بىر پارچە خەۋەرنى ئوقۇپلا ياكى بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشىنى كۆرۈپلا ۋە ياكى ياسالغان بىر فىلىمنى كۆرۈپلا «ئىشلار مۇشۇنداقكەن» دەپ ئويلاپ قالماڭ. بەلكىم سىزنى كونترول قىلغۇچى، مېڭىڭىزنى يۇغۇچى ھۆكۈمەت ياكى سىياسەت سىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىشىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇرلار خاتىرجەم ياخشى ياشاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بەلكىم خىتاي ھۆكۈمىتى سىزدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن (چۈنكى ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىشكە ئېھتىياجى بار) سىزگە نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن، سىزنىڭ چەتكە قېقىلغۇچىلارنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىڭىزنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، سىزنىمۇ ئۆزى بەھرىمەن بولۇۋاتقان شارائىتلاردىن بەھرىمەن قىلغان، ساياھەت، دەم ئېلىش، داۋالىنىش ۋە باشقا ھەممە جەھەتتە سىزنى كاپالەتلەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ، خار ـ زارلىقتا ياشاۋاتقان، تۇتقۇن قىلىنىشقا، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىۋاتقان، مال ـ بىساتى مۇسادىرە قىلىنىۋاتقان، ئىشسىزلىق، كەمبەغەللىك كىرىزىسىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ سانلىق ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.

**4. باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق خىتاي تەرىپىدىن كاللىمىزغا سىڭدۈرۈلگەن ھەر بىر پىكىرنىڭ قانچىلىك توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش**

ئەگەر سىز ۋەتەن ئىچىدە بولسىڭىز باشقا مەنبەلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىڭىز بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ چاغدا سىز سوئال قويۇش ۋە نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق مېڭىڭىزنى زەھەرلىگەن مىكروبلارنى چىقىرىشقا،

رېئاللىقنى ھەر زامان ياخشى دەڭسەشكە، كۆزىتىشكە ئېھتىياجلىق بولىسىز.

ئەگەر سىز ئەركىن دۇنيادا ياشاپ تۇرۇپمۇ، مېڭىڭىزنىڭ خىتاي تەرىپىدىن يۇيۇلغانلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئوخشىمىغان مەنبەلەر ئارقىلىق تەربىيەلىشىڭىزگە، سوئال قويۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

## ئەسلىگە قايتىش

مېڭىمىز تازىلىنىپ ئەركىن پىكىر قىلىشقا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن، مېڭىمىزنى قايتا پروگراممىلاش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى تېپىۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم. ئۇنداق بولمىغاندا بىز يەنىلا خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ دۇنيا ئىچىدە كۆزىمىزنى قاماشتۇرۇپ لەيلەپ يۈرىمىز.

1. كىملىكىمىزنى ئىزدەش ۋە ساقلاشنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ دىنىي مەۋجۇتلۇق بىلەن تىل مەۋجۇتلۇقىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارقاق ئولتۇراقلىشىشى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى ئەۋلادتا ساقلاپ قېلىشىمۇ ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتقان بىر شارائىتتا، بۇنىڭ ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر تېپىپ چىقىش. مەسىلەن: تور ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىش. بالىلار ئۈچۈن بالىلارنى قىزىقتۇرىدىغان ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى تارقىتىش.

2. ئەسلىمىز ھەققىدە ئىزدىنىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت كىتابلارنى كۆپ كۆرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش.

3. تور ئۈچۈر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزئارا كۈچلۈك دوستلۇق ئالاقە ۋە باغلىنىشنى ساقلاش.

4. شەخسىي ئەركىنلىك بىلەن مىللەتنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكى ئوتتۇرىسىدىكى باغنى يوقىتىپ قويماسلىق، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئېتىقاد، ئەركىنلىك ۋە ئادالەتتىن ئىزدەش ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەت دەپ قاراش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش. بىزنىڭ بۇ ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىزگە لوگىكىلىق سەۋەبلەر يېتىپ ئېشىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ تىكلەيدىغان نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىز بار

بولۇپ، ئۇلارنى ھەر زامان خاتىرىلەپ تۇرۇش.

5. خىتاينىڭ ھەر بىر سىياسىتى، ھەر بىر تاكتىكىسىغا مېڭىمىزنىڭ ئىشكىنى مەھكەم تاقاپ، «خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمە» دېگەن خەتنى مېڭى- مىزنىڭ ھەممىلا يېرىگە يېزىۋېتىش. ھەر زامان رەت قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇش. بۇنداق بولغاندا مېڭىمىزنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇتۇپ، خۇددى سائەتلىك بومبىغا ئوخشاش ۋاقتى كەلگەندە پارتلاشقا تەييار تۇرالايمىز.

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئوقۇ ئوقۇتۇش

بالىلىرىمىزدا ئۆزلۈكىدىن ئوقۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش پىسخىكىسى يېتى- لدۇرۇش.

مائارىپنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەگەر سىز Google دىن مائارىپنىڭ مۇھىم بولۇشىدىكى سەۋەبنى ئىزدىسىڭىز، مائارىپ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، مائارىپ ساقلىقىڭىزنى ساقلايدۇ، مائارىپ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى ئاشۇرىدۇ، ئىلىم - پەن سىزنىڭ ئىنسانىي ئەخلاقىڭىزنى ۋە مەسئۇلىيىتىڭىزنى يېتىلدۇرىدۇ، ئىلىم - پەن سىزنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلايدۇ، ئىلىم - بىلىم سىزنى ئىجادچان قىلىدۇ، ئىلىم - بىلىم سىزنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى قىممىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ دېگەندەك 20 - 30 سەۋەبنى تېپىپ بېرەلەيدۇ. مەنچە بۇ سەۋەبلەرمۇ يەتمەيدۇ، دۇنيا ئىلىم - بىلىم بىلەن، يەنى مائارىپ بىلەن چۆرگىلەيدۇ. ئىنسان مائارىپ بىلەن ئىنسانلىقىنى تاپىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ مەركىزىمۇ مائارىپتۇر. ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ۋەتەنسىز بىر مىللەتنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن مائارىپنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى مائارىپ بىلەن كۈچەيتىشتە نېمىلەرنى ئويلىشىشى كېرەك؟ بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا IQ (زېھنى قۇۋۋەت)ىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ۋە كۈچىيىپ كېتەلىشى، پۈتۈنلەيلا ئۇنىڭ ئالالاھ بەرگەن تۇغما ئەقلىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ياشىغان مۇھىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇش ۋە مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. گەرچە چارلىز مۇررەي قاتارلىق بىر قىسىم گېن نەزەرىيەچىلىرى IQ نىڭ يۇقىرى

بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ ئۇنىڭ مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى گېن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەت ۋە نۇرغۇن تەتقىقاتلار بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ يەردە IQ دېگىنىمىز زېرەكلىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ئوقۇشنىڭ IQ گە تەسىر كۆرسىتىپ ـ كۆرسەتمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى تەجرىبە تۇنجى بولۇپ 1923 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى لوندوندا پسىخولوگ ھۇغ گوردون تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ مەكتەپ يېشىدىن نەچچە ياش كېچىكىپ مەكتەپكە بارىدىغان سىگان باللىرىنى تەتقىق قىلغاندا نورمال مەكتەپ يېشى، يەنى 6 يېشىدا مەكتەپكە بارىدىغان باللارنىڭ IQ سى 90 بولغانلارنى توپلاپ تەجرىبە ئېلىپ بارغان. 6 يېشىدا IQ سى 90 بولغان بالا شۇ يېشىدا مەكتەپكە بېرىپ، بىر قانچە يىلدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتە ئۇلارنىڭ IQ سى ئۆرلىسە ئۆرلىگەنكى ئەمما چۈشۈپ كەتمىگەن. ئەمما نورمال مەكتەپ يېشىدا مەكتەپكە ئەۋەتىلمىگەن باللارنىڭ IQ سى ئۇلار 10 ـ 12 ياشقا كىرگەندە ئەسلىدىكى 90 دىن 60 كە چۈشۈپ قالغان. دېمەك، مەكتەپ ۋە مېڭىنى سىستېمىلىق بىلىم بىلەن چېنىقتۇرۇش IQ نىڭ ئۆسۈشىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

نېمە ئۈچۈن بەزى مىللەتلەرنىڭ IQ سى يۇقىرى، بەزى مىللەتلەرنىڭ IQ سى تۆۋەن بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، تەيۋەن، كورىيە ۋە خىتاي قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ SAT نەتىجىسى ئامېرىكىلىق ۋە باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى؟ ئۆتكەن يىلى يازدا ئوغلۇمنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقىنىمدا ھەيران قالدىم، مەكتەپنى ئەڭ يۇقىرى نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ مۇكاپات ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، بۇ مەكتەپتىكى سانىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشىغا قارىماي، خىتاي، ياپونلۇق ياكى كورىيەلىك ئىدى. ئۇلار شۇنداق تۇغما ئەقىللىق مىللەتمۇ؟ ئامېرىكىلىق رىچارد. ئە. نىسبەتت «ئەقىلگە قانداق يېتىش كېرەك؟» دېگەن كىتابىدا، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى (culture) ۋە مەكتەپنىڭ ئەقىلگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىنتايىن كۆپ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار بىلەن چۈشەندۈرگەن. ئۇ شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا ماتېماتىكا نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشقا

تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ تەسىرىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلگە بولۇشى، بالىنىڭ ئوقۇشىغا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرالىشى، ئوقۇشقا ئۈندەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى، بالىنىڭ ئوقۇشقا بولغان مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە ئۆز ئىچىدىن كېلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ[1]. ئۇ ئۆزىنىڭ كورېيەلىك دوستىنىڭ ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بالىلارغا بېرىلىدىغان تاپشۇرۇق ئىشلەش مۇكاپاتىغا ئىنتايىن ھەيران قېلىپ: «تاپشۇرۇق ئىشلىگەنگىمۇ مۇكاپات بېرىلىشى كېرەكمۇ؟ كورېيەدە تاپشۇرۇق ئىشلەش خۇددى چۈشلۈك تاماق يېيىشكە ئوخشاش نورمال ۋە قىلمىسا بولمايدىغان ئىش دېگەنلىكى» نى، 1980 ـ يىللاردىكى ئىستاتىستىكىدا ياپونىيەدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بالىلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش قىلىش سائىتىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 يېرىم سائەت (ھازىر تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن) ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكىدا بولسا بىر يېرىم سائەت ئىكەنلىكىنى، دېتروئىت شەھىرىدىكى قارا تەنلىك بالىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش قىلىشى سائىتى ھەپتىدە 2 سائەتكىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان تىرىشچانلىقىنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، فىنلاندىيەدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر كۈنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەر خىل ئويۇن ۋە پروجەكتلەرنى ئويناشقا، ناھايىتى ئاز قىسمىنى ئوقۇشقا سەرپ قىلىدىغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما فىنلاندىيە مائارىپىنىڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب دەل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئاخلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى بولۇپ، فىنلاندىيەدە شەخسىي مەكتەپلەر مەۋجۇت ئەمەس. يەسلىدىن تارتىپ دوكتورانتلىققىچە مائارىپ خىزمىتى ھەقسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يەسلى ياكى باشلانغۇچ مەكتەپكە دەرس بېرىشى ئۈچۈنمۇ ئاسپىرانتلىق ئۇنۋانى بولۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلىقتا ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن بولۇشى شەرت. ئوقۇتقۇچىلار ۋەزىپىسىدىن مۇدىرغا ھېساب ياكى دوكلات بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، ئاخلىق ھالدا ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىملىرىنى ئەڭ قولاي بولغان ئۇسۇللار بىلەن ئەڭ تولۇق، توغرا ۋە

(1) رىچارد.ئە.نىسبەتت ، ئەقىل ۋە ئۇنىڭغا يېتىش، 154 ـ بەت. نيۇ يوركتىكى ۋ.ۋ. نورتون & كومپانىي تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.
Richard.E.Nisbett, .Intelegence and How to Get It .Page154, published by w.w.northon&company

ئېنىق تېز شەكىلدە ئىگەللىشى ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. فىنلاندىيە مائارىپ مەركىزىنىڭ فىنىنىش مىنىستىرى، «دۇنيا فىنلاندىيە مائارىپ ئىسلاھاتىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك؟» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى پاسى سالبېرگ بىر قېتىملىق ئامېرىكا زىيارىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتىدىن ھېساب بېرىشى دېگەن سۆز فىنلاندىيەدە مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئۇ مەسئۇلىيەتنى چىقىرىۋەتكەندە قالىدىغان نەرسە، يەنى مەسئۇلىيەت چۈشەنچىسى يوقلارغا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە»[1].

فىنلاندىيە مەكتەپلىرى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆگىنىشتىكى قىيىنچىلىقلىرى، ئائىلە ئەھۋالى، كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە ياردەم بېرىدىغان مەخسۇس تەربىيەلەنگەن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى ئاجراتقان بولۇپ، فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى ئاتا ـ ئانىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ ئەۋزەل شارائىت يارىتىشى ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە، ئوقۇغۇچىلار گەرچە ئۆگىنىشكە ئاز ۋاقىت سەرپ قىلسىمۇ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدىغان ۋە ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار گېنىدىن خېلى ئەقىللىق مىللەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاز دېگەندە بىردىن ئارتۇق تىل بىلىدۇ. كۆپ تىل بىلگەن كىشىلەرنىڭ ئىنكاسى ئىتتىك بولۇپ، تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ مېڭىنىڭ بىر تىلدىن بىر تىلغا كۆچۈش مەشقىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانچە كۆپ تىل بىلگەن مىللەت شۇنچە كۆپ مەدەنىيەت ئۆگىنىدۇ ۋە بىرلا مەنبەگە ئەمەس كۆپلىگەن مەنبەلەرگە تايىنىپ كاللىسىنى بىر تەرەپلىمە پروگراممىلىشىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلارنى دۇنيادىكى ئەقىللىق مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، IQارىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىت يارىتىش، بولۇپمۇ ئوقۇشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدىغان مۇھىت يارىتىش، ھەتتا بۇ مۇھىتنى مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېر ئادىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن: رىچارد ئۆزىنىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كىتابىدا مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ:

(1)http://www.theatlantic.com/national/archive/2011/12/what-americans-keep-ignoring-about-finlands-school-success/250564/

«پسىخولوگ ئانگېلا دۇككۋورتھ ۋە مارتىن سەلىگمانلەر مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئامېرىكىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھازىرلا بىر دوللارغا ئىگە بولۇشنى خالامسىلەر ياكى بىر ھەپتە ساقلاپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىككى دوللارغا ئېرىشىشنى خالامسىلەر؟ دەپ سورىغان. ئاندىن ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن بۇ بالىلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ تۈزۈمگە بويسۇنۇش، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىش دەرىجىلىرىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ IQسىنى تەكشۈرگەن. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ IQسى يۇقىرى ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشنى بىلمەيدىغان بالىلارنىڭ مەكتەپتە يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئوقۇش تەسىرى 32 نومۇر ئالغان بولۇپ، ئۆزىگە تۈزۈم ئورنىتالايدىغانلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسىگە بولغان تەسىرى، IQسى يۇقىرىلارنىڭ، يەنى تۇغما ئەقىللىق بولغانلارنىڭ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇش نەتىجىسىگە بولغان تەسىرىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولۇپ 67 نومۇر ئالغان».



دېمەك ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى، ئۆزىگە تۈزۈم ئورنىتىشنى، ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلگەن بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى، بىر ھەپتە سەۋرى قىلىشنى بىلگەن. يەنى، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىككى دوللار ئېلىشنى بىلگەن بالىلار بولۇپ چىققان. ھازىرقى دەۋرىمىزدە بىز ئۇيغۇرلاردىن چىققان دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپكە ئوخشاش ئالىملارنىڭ ھايات تەجرىبىسىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ۋاقىتنى

ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان، ئۆزىگە تۇرمۇلەرنى قاتتىق تۇرۇپ، قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان كىشىلەردۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ IQ سىنىڭ ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ IQ سىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئائىلە شارائىتى، ئوقۇش پۇرسىتى، ئوقۇشقا ھەيدەكچىلىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرۈش ۋە كۈچلەندۈرۈشىمىز بىلىم ئېلىشقا، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بولۇشنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشقا، باللىرىمىزنىڭ ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش قىلىشىدا ئۆزىگە ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشىمىزگە باغلىق. ئۆز ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خاراكتېرى ئەمەلىيەتتە ئادەتلىنىش بولۇپ، ئادەتلىنىشنىڭ قانداق يېتىلىشى، مەن بۇ كىتابنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پىلنىڭ ھېكايىسىنى ئىجابىي شەكىلدە پايدىلانغىنىمىزدا.

بىزنىڭ ئۆزىمىزنى بىر ئىشقا ئادەتلەندۈرىشىمىزنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. بىر ئىشقا ئۆزىڭىزنى ھەر كۈنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرسىڭىز، كېيىنچە ھېچكىم مەجبۇرلىمىسىمۇ ئۇنى ئۆزلۈكىڭىزدىن قىلىدىغان بولىسىز. پىلنىڭ ھېكايىسىنى ئىجابىي تەرەپتىن چۈشەنسەك، ئۆگىنىش قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن كىشى ئۆگىنىش ئارقىلىق چوقۇم بىر نەتىجىگە ئېرىشىمەن دەپ ئىشىنىدۇ ياكى ئۆگىنىش قىلىش ئۇچ ۋاق تاماقتەك مۇھىم، قىلمىسام بولمايدۇ دەپ ئويلايدۇ ۋە شۇنىڭغا كۆنىدۇ. ئەمما بۇ دېگەنلىك ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان ياكى كاللىسى يېتەرلىك تەرەققىي قىلمىغان باللارنىمۇ دەرس تەكرارلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەجبۇرلاپ بېسىم قىلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنداق بولغاندا بالا ئەكس تەسىرگە ئۇچراپ ئوقۇشتىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىنىڭ قىزىقىشىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا قىزىقىشى بويىچە تەربىيەلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەسىلەن: بەزى باللار كىتاب ئوقۇشنى زادىلا خالىماسلىقى، ھەرقانچە ئۆگەنسىمۇ زادىلا خەت يازالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار كۆزى بىلەن جانلىق كۆرۈپ ياكى قولى بىلەن تۇتۇپ ئۆگىنىدىغان بىلىملەردە ئادەتتىكى بالىدىن نەچچە ھەسسە ئەقىللىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار گەرچە مەشھۇر يازغۇچى ياكى ئادۋوكات بولالمىسىمۇ مەشھۇر

ئاشپەز بولالىشى، مەشھۇر رەسسام بولالىشى ياكى مەشھۇر مودا كىيىم لايىھەلىگۈچى بولالىشىمۇ مۇمكىن.

مەيلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن، ئۇيغۇر ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە پۇل تېپىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بەزى ئاياللارنىڭ ئېرىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن ئوخشاش ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئىگە بولۇش ۋە باشقىلارغا تايانمايدىغان كۈچلۈك ئايال بولۇش ئۈچۈن بالىلىرىنى باشقىلارغا باقتۇرۇپ ياكى ئۆيگە سولاپ قويۇپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەندۇق. پۇل تېپىش ياخشى ئىش، لېكىن بىز ئەنە شۇنداق چېپىپ يۈرگەندە بالىلىرىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلالىغان بولىمىز؟ مۇستەقىل چوڭ بولۇۋاتىدۇ دەپ ئۆيگە تاشلاپ قويۇلغان بالىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ۋاقتىنى ھەر خىل ئېلېكترونىك ئويۇن، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېتتە ئۆتكۈزىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدۇقمۇ؟

ئامېرىكىلىق بالىلار دوختۇرى، ۋىكتوريا دانكلېي، ئېلېكترونىك ئويۇن ۋە تېلېفونلارنىڭ ئالفا رادىئاكتىپ دولقۇن بىلەن بالىلارنىڭ مېڭىسىنى زەھەرلەپ ئۆلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە كەيپىياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن مەلۇم بىر يېتىم بالىلار ئۆيىدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇن ۋە ئىنتېرنېت كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن بىر ئاي ئىچىدىلا بالىلارنىڭ كەيپىياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، ئۇرۇش ـ جېدەل ۋەقە دوكلاتى 1/3 قىسىم ئازايغان.[1]

ئەمما، شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر ئۇيغۇرنىڭ IQ سىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇشى ياكى ئۇنىڭ كەسپتە ئۇتۇق قازىنىشى، ئۇنىڭ مىللىتىگە مەيلى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن تەسىر كۆرسىتەلمىسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدىن سۆز ئاچمىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلىمى ئۆز كىملىكىگە باغلانمىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلاردا كىچىكىدىنلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشكە موھتاجمىز.

(1) Reset your child's brain. Victoria Dunkley. MD. Page 111. new world liberary , 2017 edition
بالىڭىزنىڭ مېڭىسىنى قايتا تۈزەڭ .ۋىكتوريا دۇنكلېي ـ111 .بەت .يېڭى دۇنيا كۇتۇپخانىسى نەشرىياتى ـ2017 .يىل نەشرى.

## بالىلاردا بىلىم ئېلىش بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بىرلەشتۈرۈش

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بىلەن كۆرۈشتۈم، بەزىلەر بالىلىرىنى پۇلنى كۆپ تاپىدىغان كەسىپلەرگە قىزىقتۇرسا، بەزىلەر بالىلىرىنىڭ قىزىقىشىغا ۋە ئىجادچانلىقى، شۇنداقلا تالانتىغا كۆرە كەسىپ تاللىشىغا ئەھمىيەت بېرىدىكەن. بالىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن كەسىپ تاللىشىغا يول قويۇش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى كىشى ئېقىۋاتقان كەسىپتە ئەمەس، ئۆزى قىزىققان كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. ئەلۋەتتە مەيلى نېمىلا كەسىپ ئىگەللەڭ ھەممىلا كەسىپنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق رولى بار. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىن ۋە يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا دۇنيادا ئاقىدىغان، سىزنى باي قىلىدىغان، بۇ بايلىق بىلەن سىز مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان، پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن سۆيگەن ياكى مىللەتنىڭ كۈچلۈك ئېھتىياجى بولغان كەسىپلەرنى ئوقۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز، ئەمەلىيەتتە بىزنى ئومۇمغا باغلايدىغان غايىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەگەر سىز مېنىڭ ئۈچۈر ۋە مەخپىيەتلىك تېخنىكىسى ئۆگىنىشىم خىتاينىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكلىرىنى ئېچىۋېتىش؛ مېنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە ئۆگىنىشىم ھەربىي مەكتەپ ئېچىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ھەربىي گېنېراللارنى تەربىيەلەپ چىقىش؛ مېنىڭ مۇھىت ئاسراش پەن ـ تېخنىكىسىنى ئوقۇشۇم شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىتىنى تەتقىق قىلىش؛ مۇزىكا ئۆگىنىشىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەندەك ئوقۇۋاتقان كەسپلەرنى ئۇيغۇرنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقبالىغا ئاتىيالىساق ۋە ئۇنىڭغا باغلىيالىساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟!

بەلكىم بەزىلەر، بەزى كەسپلەر مىللىتىمىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئىستىقبالىم ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس دېيىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلى كىرىزىسقا ئۇچراۋاتقاندا ئىنتايىن مۇھىم بىر كەسىپ، ئەمما مەن بۇ كەسپتە ئوقۇسام پۇل تاپالمايمەن، جېنىمنىمۇ باقالمايمەن دېيىشىڭىز مۇمكىن.

لېكىن ئىشلارنىڭ داۋاملىق بىزنىڭ پەرىزىمىزدەك بولۇشى ناتايىن، ئەمەلىيەتتە

نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر دەل ئەنە شۇنداق ھېچكىممۇ قىلمىشنى خالىمىغان ئىشلار ئۈستىدىن پەيدا بولغان. غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان بولسىڭىز ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئىنگىلىسلاردا (sheep mentality) «قوينىڭ ئەقلى» دەيدىغان بىر گەپ بار بولۇپ، بۇ سوز ئىقىمغا ئەگىشىدىغانلارغا قارىتىلغان، باشقىلار نېمە قىلسا شۇنى قىلىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە بىز بىر مىللەت ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە مەنسۇپ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئورتاق ئەگىشىدىغان قىممەت قارىشىمىز، قائىدە - قانۇنلىرىمىز، كوللېكتىپ ئەخلاقىمىز بولسىمۇ، ئەمما تاللاش ۋە قارار بېرىشىمىز تەپەككۇرغا مۇراجىئەت قىلىدىغانلىقتىن، كۆپ ھاللاردا ئىقىمغا ئەگىشىپ قارار بېرىش، ئىجادچانلىقنى يوق قىلىۋېتىدۇ. بۇ خۇددى باشقىلارنى دوراپ كىيىم كىيىدىغان ۋە باشقىلارنى دوراپ ئوخشاش سومكا ئاسىدىغان قىزلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىنى كۆرسىتەلمىگىنىدەكلا بىر ئىش.

باللاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى بىلىم ئېلىشتىكى ئۆزگە ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بىلىمنى ئالدى بىلەن ئۆز كىملىكى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ كۈچىيىشىدە چوڭ رول ئوينايدىغان ۋە ئاخىرىدا بۇ مىللەتنىڭ كۈچىيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇنداقتا باللاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

1. باللارغا ئىسلامي بىلىملەرنى ئۆگىتىش. ھەممىدىن مۇھىمى تەۋھىد ئۇقۇمىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق روھىنىڭ ئەركىن يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش.

2. ھېكايە ئېيتىپ بېرىش. باللارغا چىن تۆمۈر باتۇر، مەختۇمسۇلا، نۇزۇگۇمنىڭ ھېكايىلىرىگە ئوخشاش باللار غۇرۇر تۇيىدىغان، قەھرىمانلىق روھى يېتىلدۈرىدىغان قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى، شۇنداقلا تەجرىبە - ساۋاق ئالىدىغان سېيىت نوچى ھېكايىسىگە ئوخشاش ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىش ۋە ھېكايىدىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى سوراش.

3. باللارغا ناھايىتى كىچىك يېشىدىن باشلاپلا خەرىتە ئۆگىتىش، ئۇلارغا بىزنىڭ زېمىنىمىزنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش. ئۇيغۇر دىئاسپورادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار باللارغا بايرىقىمىزنى، دۆلەت گېربىمىزنى، ئۆز ۋاقتىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسىتىش ۋە تونۇشتۇرۇش.

4. ئۇيغۇر دىئاسپورادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار باللارنى نامايىشلارغا، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئاددىي جۇملىلەر بىلەن توغرا شەكىلدە چۈشەندۈرۈش.



5. كۆچمەنلەرنىڭ يېتىشچە خۇددى يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە ئوقۇش پۇتتۇرگەندە ئىسرائىلىيەگە بېرىپ دۆلەت مۇداپىئە ئوفىتسېرى ياكى ئۆزى تۇرىۋاتقان دۆلەتتە ئادۇكاتلىق ئوقۇپ ئادۇكات بولىدىغان پەقەت ئىككىلا كەسپتە

تەربىيەلەيدىغان مەكتەپلەرنى ئاچقاندەك بىزمۇ ئەنە شۇنداق مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئۆزىمىز تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي كۆچ سەھنىسىگە سىڭىپ كىرىش. يەھۇدىيلار بۇ يول ئارقىلىق ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان دۆلەتلەردە قانۇن ئوقۇغان نۇرغۇن ئادۇكاتلارنى يېتىشتۇرۇپ ئەمىلىيەتتە شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مۇناسىۋتىدە ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتىدىغان قانۇن - لايىھەلەرگە تەسىر سىڭدۈرۈپ كەلمەكتە ۋە يەنە ئىسرائىلىيە ئۈچۈن مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن گېنىراللار ۋە ئەسكەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ كەلمەكتە.

6.باللارغا داۋاملىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، گۈزەل ناخشا - ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىش، ئۇلاردا ئوز مىللىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى چوقۇم يېتىلدۈرۈش. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈشتىلا مۇھىم بولۇپ قالماي باللىنىڭ ساغلام پىسخولوگىيە بىلەن يېتىلىشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. كىملىكىدىن پەخىرلىنەلمىگەن بالا، كىملىكىنى يوقىتىش نەتىجىسىدە كىملىك شوك پىسخىكىسىنى ياشايدىغانلىقتىن مۇقىم خاراكتېر تۇرغۇزالمايدۇ، ئەبجەش مەدەنىيەتلەر ئىچىدە قايمۇقىدۇ، كۆپ ھاللاردا روھى دۇنياسى ئىنتايىن يالغۇزلۇق ئىچىدە قالىدىغانلىقتىن، ئاسانلا روھى چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

7. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان خەلقىمىزنى بىچارە، چارىسىز ۋە ئاجىز شەكىلدە تەسۋىرلىمەي، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن باتۇر، قەھرىمان خەلق ئىكەنلىكىنى، خىتاي دۆلىتىنىڭ تاجاۋۇزچى بىر ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلار بىلەن باتۇرلۇق بىلەن تىز پۈكمەي ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىتىش. ئۆزىمىزنى بىچارە ۋە ئاجىز كۆرسىتىپ ھېسداشلىق تەلەپ قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن غۇرۇر تۇيۇشنى، پەخىرلىنىشنى ئۆگىتىش.

8. باللارنىڭ كاللىسىغا ئۇيغۇرلارنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىردىنبىر يولنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى كۈچەيتىش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئوقۇش لازىملىقىنى سىڭدۈرۈۋېتىش.

9. گۈزەل، ئېسىل ئەخلاقلىق، دۇرۇس كىشىلەرنىڭ داۋاملىق توغرا ۋە ھەق تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىتىپ، بۇ ھەقتىكى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىش.

10. ئۇلارغا داۋاملىق ياخشىلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، راستچىللىق ۋە ھەقىقەتنىڭ، سەتلىك، ئەسكىلىك، يولسىزلىق، يالغانچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىش ياكى فىلىملارنى كۆرسىتىش.

11. مەنچە ۋەتەنپەرۋەر بولۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان بولۇش شەرت ئەمەس. شۇڭا بالىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلمىغانلىقى ۋە شۇ زېمىندا يېتىلمىگەنلىكىنى ۋەتەنپەرۋەر بولالماسلىقىغا باھانە قىلىش توغرا ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا ياشاۋاتقان بالىلار ئەركىن دۆلەتلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىملىكى، مۇستەقىللىقى، ۋەتىنى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆگىنىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە.

12. بالىلارغا ئەركىنلىكنىڭ بىكارغا كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش. ئەگەر سىز تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بولسىڭىز، تۈركىيەنى قوغداش ئۈچۈن تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قانداق قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، بولۇپمۇ چاناققەلئە قەھرىمانلىرىنىڭ بۈگۈنكى تۈركىيەنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا قانداق بەدەل تۆلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى؛ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بولسىڭىز ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئامېرىكا مۇستەقىللىق جەريانىدىكى قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى، مەشھۇر پرېزىدېنتلارنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئېسىل خىزمەتلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭ.

13. شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بولسىڭىز، ئۆيىڭىزگە داۋاملىق شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ئېسىپ قويۇڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ بۇ بايراقنى نېمە ئۈچۈن سۆيىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنچە پەخىرلىنىدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

14پۇرسىتىڭىز بولسا ئۇلارغا ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ پارلامېنت بىنالىرىنى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلدۇرۇڭ.

ھەتتا بالىڭىز بىلەن بۇ مېنىڭ دۆلىتىم دېگەن ئويۇننى ئويناڭ. بالىڭىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقتىن قۇمغا ياكى ھۇجرىسىدىكى ئۈستەلدە ئويۇنچۇقلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇشىغا ياردەملىشىڭ. بەلكىم ئۇ ئىنتايىن گۈزەل بىر شەرقىي تۈركىستان پارلامېنت بىناسى ياساشنى، قەيەرگە قانداق زاۋۇت

ـ فابرىكىلارنى قۇرۇشنى، قەيەرگە قانداق ھەربىي گازارمىلارنى قۇرۇشنى، دۆلەت بايرىقىنى قەيەرلەرگە ئېسىشنى، قەيەرگە مەكتەپ سېلىشنى، قەيەرگە بانكا، پۇل ـ مۇئامىلە بىناسى سېلىشنى، تاغ ـ دەريالىرىنى نېمىدىن ياساشنى سىزنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ياخشى بىلىشى مۇمكىن.

# تۆتىنچى باب

# ئىستراتېگىيە تۈزەش

**ئاللاھ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر ۋە ئاللاھ سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.**
**سۈرە نىسا، 45 ـ ئايەت.**

ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشى ئىنتايىن ئۇمىدسىز فانتازىيە كۆرۈنۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، باشقا تاللاش ئۇستىدە نۇرغۇن ئويلىنىشلار بولدى. ھەتتا بىر ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى بىزگە ئىنسانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلسا، بىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىمىزنى بەرسىلا بولدى، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرمايمىز، مۇستەقىللىققا ئېرىشىش، زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش دەۋاسى قىلمايمىز دەپ تۇۋلاپمۇ باقتۇق، چۈنكى زېمىن دەۋاسى قىلىش دۆلىتىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش دەۋاسى قىلىش قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ دەپ بىلىشىمىز قاتتى. ئەمما قارشىمىزدىكى دۈشمەن بىر دىكتاتور ھەمدە ئۇ بىزدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۈچلۈك بولغان بىر شارائىتتا، ئۇنىڭ بىزنىڭ شەرتىمىزنى ئاڭلاشقا ھېچقانداق ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇ بىزگە: «خالىساڭ مۇستەقىللىق داۋاسى قىل، مەن باستۇرۇپ ئۇنىڭنى چىقماس قىلىۋېتەلەيمەن!!!» دېيەلەيدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ كەلدى. خىتايغا شەرت قويۇش ئۈچۈن ئۇنى مەجبۇر قىلىدىغان كوزىر قولىمىزدا بولۇشى كېرەك. ئەمما قولىمىزدا ھېچنەرسە يوق، شەرقىي تۈركىستان ۋە خەلقىمىز خىتاينىڭ كونتروللۇقىدا. مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا خىتاينى كېلىشىمگە چاقىرىش تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش بولسا كېرەك. ئۇنداقتا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ قوراللىق ۋە زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ خىتاينى دۆلىتىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىشكە،

ئەڭ بولمىدى دېگەندە بىز بىلەن كېلىشىشكە مەجبۇرلايلى دەپ تىرىشىشىمىز كېرەكمۇ؟ نۇرغۇن مۇجاھىدلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بىلەن قوشۇلۇپ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى. خەلقىمىز قورقۇپ، ھەتتا ئۆز ئائىلىسى ئىچىدىمۇ ئەركىنلىككە بولغان زارىنى بىر ـ بىرىگە ئاڭلىتالماس ھالغا كەلدى. ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم كۆتۈرۈلۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ نەتىجىنىڭ مەغلۇبىيەت، دەريا ـ دەريا قان تۆكۈش بىلەن ئاياغلىشىشى ئۇيغۇرلارنى چۈشكۈنلۈككە باشلىدى. كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدسىزلىك، ئايىغى چىقمىغان قاراڭغۇلۇق مىللەتنى چىرمىۋالدى. خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن بايلىقلىرىنى، ئىقتىسادىنى، قاتناش ۋە ئۇچۇر ـ ئالاقە سىستېمىلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ۋە ۋاستىلىرىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغان، مېڭە يۇيۇش تاكتىكىسى ئارقىلىق نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىنى كونترول قىلىۋالغان، ھەتتا ئۆزىگە ئىشلەيدىغان بىرمۇنچە ساتقىن ئۇيغۇرلارنى يېتىشتۈرۈۋالغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا ھەربىي كۈچ، قورال كۈچى، بىخەتەرلىك ساقچى ۋە ئىستىخباراتچە، شۇنداقلا ھۆكۈمەتتى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرىدىغان سان جەھەتتە بىزدىن نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ خىتاي كۆچمەنلىرىگىچە تولۇق ئىدى. قارشى تۇرغۇچى ئۇيغۇرلاردا بولسا ئىمان ۋە باتۇرلۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زادىلا ئۈمىد يوقمۇ؟

ھەممىمىزنىڭ بىلگىنىدەك، ئىنسانلار تارىخىدا يىمىرىلمىگەن ئىمپېرىيە بولغان ئەمەس. «دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى گەنە شارپ كىتابىدا ئەگەر بىر دۆلەت قانۇن بىلەن ئەمەس كۆز بويامچىلىق ۋە زۇلۇم بىلەن باشقۇرۇلسا، كىشىلەر ئويغىنىپ بۇنىڭ تېگىگە يەتكەندە ئۇ دۆلەتنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ:

خىتاينىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى چۇ پادىشاھلىقىدا بىر قېرى ئادەم بولۇپ، ئۇ مايمۇنلارنى ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق جان باقىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى مايمۇن خوجايىن دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى قوتىنىغا سولىۋالغان بىرمۇنچە مايمۇننى ئورمانغا ېبرىپ، مېۋە يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇيدىكەن. قايسى مايمۇن ئاز مېۋە ئېلىپ كەلسە ياكى ئېلىپ كېلەلمىسە، ئۇنىڭدىن قاتتىق تاياق يەيدىكەن. قېرى مايمۇنلارنى ياش مايمۇنلارغا يول باشچى قىلىپ سايلاپ، ئۇلارنى

ئورمانغا ھەيدەيدىكەن.

بىر كۈنى بىر بالا مايمۇن قىرى مايمۇندىن:

- ئورماندىكى مېۋە دەرەخلىرىنى قىرى ئادەم ئۆستۈرەمدۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

- ياق، ئۇلار تەبىئىي ئۆسىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىرى مايمۇن.

- بىز بۇ بوۋاينىڭ رۇخسىتى بولمىسا ئۇ مېۋىلەرنى ئالالامدۇق؟ دەپ سوراپتۇ بالا مايمۇن.

- ئەلۋەتتە ئالالايمىز، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىرى مايمۇن.

- ئۇنداق بولسا بىز نېمە ئۈچۈن بۇ قىرى ئادەمگە تايىنىپ ياشايمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىمىز؟

بالا مايمۇن گېپىنى تۈگىتە - تۈگەتمەي مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى چۇرقىرىشىپ، چاقىرىشىپ توسۇقلارنى بۇزۇپ، قوتاندىن بېسىپ چىقىپ ئورمانغا كېتىپتۇ ۋە مېۋىلەرنى خالىغانچە ئۈزۈپ يەپ، بوۋايغا بىرمۇ مېۋە ئەكىلىپ بەرمەپتۇ. بوۋاي ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.

بىزدىكى قورقۇنچ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىكتاتورلۇقى يوقىلىپ، خىتاي خەلقى خۇددى مايمۇنلارغا ئوخشاش ئويغىنىپ، ھاكىمىيىتىنى يېتىم قالدۇرۇپ يىمىرىلگەنگە قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭمۇ يوقىلىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بولۇپ، بۇ ئىنتايىن جىددىي بىر مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ يەردە خىتاي خەلقىنى كۆزدە تۇتۇشۇمدىكى سەۋەب، ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق يول بىلەن خىتاي ھاكىمىيىتىنى مەجبۇر قىلىشى ۋە يېتىم قالدۇرۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىگە چۈشمەيدىغانلىقتىن بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي كۆچمەنلىرى ۋە خىتاي ھاكىمىيەت سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولغان بولۇپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېھتىياجى يوق. ئۇيغۇرلار تىنچلىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىش تاشلىسا، ئوقۇش تاشلىسا، ھېچنەرسە ئىشلەپ چىقارمىسا، تىنچلىق بىلەن قارشىلىق بىلدۈرسە، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خۇددى مايمۇنلار مېۋە ئېلىپ كەلمىسە، ئۆلۈپ قالغان بوۋايدەك ھالغا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ پەقەت خىتاي خەلقىگە چۈشىدىغان ۋەزىيەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا خىتاي خەلقى قوزغىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى - مۇ دەيلى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنى ئۆزلىرىنىڭ

دېموكراتىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇستەقىللىق دەۋاسىغا ھېسداشلىق قىلىش ئۈچۈن قىلمايدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى ئۇيغۇر مۇستەقىللىقى خىتاينىڭ بىۋاستە دۆلەت مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان مەسىلە بولۇپ، ھەرقانداق بىر خىتاي بەلكىم دىكتاتور ھۆكۈمىتىگە سادىق بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە تولىمۇ سادىق.

2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خاگۇدا ئېچىلىدىغان خەلقئارالىق سوتتا خىتاينىڭ جەنۇبى دېڭىز ئاراللىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى تالىشىشىنىڭ رەت قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى ئېنىق پەرەز قىلىنغاندىن كېيىن، چەت ئەللەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ياشاۋاتقان، خەلقئارالىق قانۇن ئوقۇغان خىتايلارمۇ بۇ مەسىلىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، ئىمزا توپلاش ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلقئارالىق بۇ سوتقا قاتنىشىشنى رەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى يولسىزلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دۆلىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق مەنپەئەتىدىن ۋاز كەچمىگەن[1].

ئىچكى ۋە تاشقى پۇرسەتنى يارىتىشتىن ئاۋۋال ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي مەۋجۇتلۇقىنى، كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭدىكى مىللەتچىلىكنى يېتىلدۈرۈش ئەڭ ئالدىنقى شەرت بولۇپ قالدى (باشتىن ـ ئاخىر تەكرارلاپ كەلگىنىمدەك مىللەتچىلىكنىڭ مەنىسى تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا ھۆرلۈك ئۈچۈن زېمىنىمىزنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدىيىسى بولۇپ، ئىمان ۋە كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش بىر تەرەپتىن بۇ كۈرەش ئۈچۈن بولسا يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كۈرەشنىڭ ئۆزى ئىمانىمىز ۋە كىملىكىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ئىككىسىنى ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولىدىغان ئىككى مەسىلە ئەمەس).

مەيلى ۋەتەن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەردە بولسۇن، مەيلى ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلىرىمىزدە بولسۇن ئېنىق بىر ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقالمىدۇق. كۆپ ھاللاردا تۆۋەندىكىدەك كۆز قاراشنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇق:

1. ھەق بىز تەرەپتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇلۇكسىز قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرساق

(1) https://foreignpolicy.com/2016/07/14/south-china-sea-lawyers-unclos-beijing-legal-tribunal/

توختاپ قالمىساقلا چوقۇم بىرگەپ بولىدۇ.

2. ئەركىنلىككە بەدەل تۆلىمىگۈچە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، قان تۆكمەي تۇرۇپ ھېچنېمە قىلالمايمىز، قوراللىق ئىش قىلماي تۇرۇپ غەلىبىگە يېتەلمەيمىز.

3. خىتاي بەك كۈچلۈك، ئېغىر دەرىجىدە قۇربان بەرمەسلىك ئۈچۈن خىتاي بىلەن كېلىشىم تۈزەيلى، خىتاي خەلقىنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى.

4. تىنچ يول بىلەن قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرساق، دۇنيانىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيمىز ۋە گەندىگە ئوخشاش بىزمۇ غەلىبىگە ئېرىشىمىز.

5. ئۇيغۇرلار ئاجىز، چەت ئەلنىڭ قوللىشى بولماي تۇرۇپ بىز ھېچنېمە قىلالمايمىز. خىتايغا دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇھىم.

6. بىزگە يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئىگە چىقىدۇ، بىز يەككە ھالدا مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلماي، بىر پۈتۈن ئۈممەتنىڭ كۈرەش يولىغا قېتىلساق، ئۈممەت كۈچلەنگەندە، ئۈممەت ئازادلىققا ئېرىشكەندە مىللەتمۇ ئازاد بولىدۇ.

يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى يەككە ھالدا ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ، بىر تېخى بۆلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭ قوللىنىش ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭ تىپتىكى ئىستراتېگىيە تۈزەش پۇرسىتىگە ئىگە بولمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېچىنىشلىق بولۇۋاتقىنى ئوخشىمىغان كۆز قاراشلاردا ئۆز ئارا زىتلىق پەيدا قىلىپ، ئىدېئولوگىيە بولۇنۇشى، چېچىلاڭغۇلۇق ئېغىر.

ئۆزىمىزنى كۈچەيتىش بىلەن، سىرتقى كۈچنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتسەكمۇ، بەزىلىرىمىز سىرتقى كۈچنىڭ قوللىشىغا گۇمانلىق پوزىتسىيە تۇتتۇق. توغرا، ئۆز ئىچىمىزدىن كۈچلەنمەي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەگەر بىر بىمارنىڭ ئۆلۈشىگە كۆزى يەتسە دوختۇرمۇ داۋالاشنى توختىتىپ قويىدۇ. ئەگەر بىز ئۆلۈۋاتقان، توگەشكە قاراپ ماڭغان بىر مىللەت بولساق نېمە ئۈچۈن باشقىلار بىزگە ياردەم قىلغۇدەك؟ كۆپ ھاللاردا تاشقى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ

سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قىزىقىشى ئۇچۇن بولىدۇ. ئەمما دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ياردىمى بولسا ئىنسانلىق ۋە ھەق ـ ھوقۇق ئۈچۈن بولىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا ۋە تۈركىيەدىن باشقا ھېچقانداق بىر دۆلەت بىزنى تېخنىكىلىق ۋە ئالاقە قۇرۇش مەسىلىلىرىدە قوللىغىنى يوق. مەسىلەن، ئامېرىكا ۋە تۈركىيە ھەر ئىككىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق بىلەن كۈرەش قىلىش يوللىرىنى قوللاپ، ئۇلارغا رادىئو ئىستانسىسى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تىنچلىق يول بىلەن كۈرەش قىلىش ئىستراتېگىيەلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى ئۈچۈن، دېموكراتىك تەربىيەلەش كۇرسلىرى ئېچىشقا، تەشكىللىنىشكە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىپ كەلمەكتە.

ئامېرىكىنىڭ بىزنىڭ سىياسىي مەسىلىمىزنى قوللاشتىكى ئاساسىي مەقسىتى، خىتاي بىلەن ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارمۇقارشى بولغانلىقى، خىتاينىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى، كوممۇنىست ئىدېئولوگىيىسىنىڭ دۇنياغا يامراپ كېتىشىنى خالىمىغانلىقىدىن بولۇپ، بىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇيىمىز ئامېرىكىنىڭ قىزىقىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن كىرگۈدەك؟ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولسا، بىرىنچىدىن خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تەھدىتى تۈگەيدۇ. رۇسىيە ئىدېئولوگىيە دوستلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئەمما ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە تەھدىت بولىدىغان بىر يوشۇرۇن دۈشمەندىن قۇتۇلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە باشقىلارنى بىر ـ بىرىگە سېلىش ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىستراتېگىيىسىنى ئاساس قىلىدىغان ئامېرىكا ئۈچۈن ئانچە قۇلاققا خوش ياقىدىغان ئىش ئەمەس. گەرچە ئۇ خىتاينىڭ كۈچىيىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق خۇددى مەشھۇر تارىخچى ماكىندىرنىڭ 1919 ـ يىلى «دۇنيانىڭ يۈرىكىنى ئالغانلار دۇنيانى سورايدۇ» دېگىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت دۇنيانىڭ يۈرىكىنى قولغا ئېلىشنى خالىمىسىمۇ، خىتاينى رۇسىيەگە يوشۇرۇن تەھدىد سۈپىتىدە تۇتۇشنى خالايدۇ. ئىككىنچىدىن خىتاينىڭ نېفت بازىلىرى كېسىلىدۇ، نەتىجىدە خىتايدىكى ئەسلىدىنلا باشلىنىشقا باشلىغان ئىقتىسادىي كرىزىس ئېغىر دەرىجىدە يامراشقا باشلايدۇ (چۈنكى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ كېتىشى، خىتايدا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى پەيدا قىلغان بولۇپ، خىتاي تەڭشەشكە ئامالسىز قېلىۋاتقان بۇ تەڭپۇڭسىزلىق، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئىستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادىي بازىدىن

ئايرىلغاندا خىتاينى ئىغىر دەرىجىدە ھالسىزلاندۇرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس ئەمەس). بۇ ياپونىيەنىڭ خىتاينى كونترول قىلىش تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشىگە پۇرسەت يارىتىدۇ. ئامېرىكا بولسا ياپونىيەنىڭ بۇ پۇرسەتتە كۈچىيىپ ھاۋا ۋە دېڭىزدا ئۆزىگە تەھدىت بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئامېرىكا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى، بولۇپمۇ دېڭىز ۋە ھاۋادىكى كۈچىنى ئۈستۈن تۇتۇش ئۈچۈن، مەيلى خىتاي مەيلى ياپون مەيلى ھىندىستان بولسۇن ھېچقايسىسىنىڭ كۈچىيىپ ھاۋا ۋە دېڭىزدا ئۆزىگە رىقابەتچى ۋە تەھدىت بولۇشىنى خالىمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر، تىبەتلەر ۋە خىتاي دېموكراتلىرىنى قوللاش ئارقىلىق خىتاينىڭ باش ئاغرىقىنى كۈچەيتىدۇ. خىتاينىڭ كۈچلىنىپ كېتىشىنى توسۇش مۇددىتىدە ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكا ئۈچۈن ھەر زامان ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قوللاشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئەمما خىتاينىڭ پۈتۈنلەي ئاجىزلاپ رايوندا ياپونىيەنىڭ راھەت ئىلگىرىلەپ كۈچ تالىشىشتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ياپونغا قارشى ئامېرىكا ئەلۋەتتە خىتاينى قوللىشى مۇمكىن (بۇ خىتاي ئاجىزلىغان ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىقىنى قوللىشىنىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن بىر مەنپەئەت ئېھتىياجى قالمايدۇ دېگەنلىكتۇر). بۇنداق بولغاندا ئامېرىكا، ياپون - خىتاي - ھىندىستان ئۈچىنى بىر - بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇش ئارقىلىق ئاسىيا قىتئەسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ. خىتاي ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن چوڭ تەھدىت ۋە كېڭەيمىچى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، رۇسىيە خىتاي بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇپ، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشىنى توسايدىغان تام بولۇشىغا باش قاتۇرۇپ كەتمەيدۇ. تۈركىيەچۇ؟ ھەممىمىزگە ئايان، تۈركىيە خەلقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشەلەيمىز ۋە تۈرك ھۆكۈمىتى بىزنى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە ساتقان تەقدىردىمۇ خەلقى ئارقىلىق بېسىم قىلالايمىز، چۈنكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بار. تۈركىيەمۇ بىر دېموكراتىك دۆلەت، ئوخشاشلا كوممۇنىست ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يامرىشىنى خالىمايدۇ. مۇستەقىل بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، ئەمما قوللاشقا ھازىرچە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ھازىرقى شارائىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىمايمىز دېيىشكە مەجبۇر. ئەمما

تۈركىيە كۆچىيىپ ئالدىمىزدىكى 10 ياكى 20 يىل ئىچىدە ياۋرو ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىر دائىرىسىنى كۆچەيتىشى ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا ئەڭ كۈچلۈك شەكىلدە ياردەم قولىنى ئۇزاتقۇدەك ھالغا كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئىراق ۋە سۈرىيەدە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سۈۋەيش قانىلىغا ئىگە بولۇش - بولالماسلىقىغا باغلىق. بۇ كۈن ئۈچۈن بىز قايسى ھالدا بولۇشىمىز كېرەك؟ ياپون ۋە باشقا ئاسىيادىكى خىتاي بىلەن تارىخىي ئۆچمەنلىكى ۋە ياكى مەنپەئەت توقۇنۇشى بار دۆلەتلەرچۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بىزنى قاچان قانداق بىر پۇرسەتتە، قانداق شارائىتتا قوللىشىغا باغلىق ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان بولسا كېرەك. بىز شەرقىي تۈركىستانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا ئىزدەنگىنىمىزدە داۋاملىق تارىخقا مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بىزدىكى تارىختىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىش تارىخنى تەكرارلىماسلىق ئۇقۇمى، «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋە بىرمىدىكى روخىڭيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىدىكى كۈلپەتكە، كۆڭۈل بۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قالغان دۆلەتلەر (ئەلۋەتتە بۇ دۆلەتلەر مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆز يۇمۇپ كەلدى ۋە ئارىلاشمايدۇ. مانا بۇ تارىخىي ۋە ھازىرقى تەجرىبە - ساۋاق، بىز باشقىلاردىن ياردەم كۈتۈشنىڭ ئورنىغا چوقۇم ئاۋۋال ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە چىقىشىمىز كېرەك» دېگەن مەنىدە چۈشىنىلسە بۇ رەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىنتايىن توغرا پىكىر. لېكىن، ئەگەر تارىخنى تەكرارلىماسلىق ئۇقۇمى، «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن باشقا مۇسۇلمان دۇنياسى ۋە باشقا دۆلەتلەردىن ھېچ بىر زامان ۋە ھېچ يەردە ياردەم كەلمىگەن، شۇڭا ھەرقانداق دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈش، ئۇلارغا ھەتتا نارازىلىق ئۆچمەنلىك كۆز قاراشتا بولۇش دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش» دەپ چۈشىنىلسە، ئەقىل بىلەن ئەمەس، ھېس - تۇيغۇمىز بىلەن تەجرىبە - ساۋاقلارغا قارشى مېڭىپ ئۆزىمىزگە زىيانلىق ئەھۋال پەيدا قىلىۋېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. بىزدە ھازىر بارا - بارا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ۋە شۇنداقلا ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىدىن نارازىلىق، ئىشەنمەسلىك، ئۆچمەنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆچمەنلىككە بولۇنۇش ئەھۋاللىرى بۇنىڭ بىر مىسالى.

توغرا، تارىخ تەكرارلىنىدۇ، ئىنسانلار داۋاملىق خاتالىقلارغا قايتا - قايتا يول

قويۇمىز، ئوخشاش خاتالىق ئوخشاش يەردە تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن، ناپالېئون 1812 ـ يىلى 600.000 ئەسكەر بىلەن رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىپ قايتىشىدا نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇس سوغۇقتا قىلىپ ئېغىر چىقىم تارتقان ئىدى.(1) 1941 ـ يازدا گىتلەر بىر مۇنچە ناپالېئوننىڭ ئۇرۇش تارىخى ھەققىدىكى كىتابلىرىنى كۆتۈرۈۋالغىنىغا قارىماي بۇ تارىخنى رۇسىيەگە بارباروسسا ئۇرۇشىنى قوزغاپ سوغۇققا ياخشى تەييارلىق قىلمىغانلىقتىن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قولاق ـ بۇرۇنلىرىدىن، بارماقلىرىدىن ئايرىلىپ ئېغىر چىقىم بىلەن قايتىپ كەلگەن.(2)

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىمۇ نۇرغۇن تەكرارلىنىشلار بولدى، ئۇيغۇرلار بىردەم ئۇنىڭ قوللىنىشىغا قالسا بىردەم بۇنىڭ ئويۇنچۇقى بولدى، ئوخشاش خاتالىق توختىماي تەكرارلاندى. تارىخ نېمە ئۈچۈن تەكرارلىنىدۇ؟ چۈنكى ئېنىقكى، ئەمدى قايتا تەكرارلىمايمىز دېگەن شوئار سىياسەتچىلەر ۋە ئىستراتېگىيەچىلەر ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس.

1994 ـ يىلى خۇتۇلار رۋاندادا بىر مىليون تۇتسىنى قىرغىنچىلىق قىلدى، خەلقئارا ئارىلىشالمىدى. بىرمىدىكى روخىڭيا مۇسۇلمانلىرى 70 نەچچە يىلدىن بېرى ئادەم يەيدىغان بۇددىستلارنىڭ ئۆچ ۋاق تامىقى بولۇپ كەلدى. خەلقئارا ئارىلاشقىنى يوق. شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنى 60 نەچچە يىلدىن بېرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەپسەندە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، خەلقئارا ئارىلاشقىنى يوق. 2010 ـ يىلدىن باشلاپ ئەرەب دۇنياسىدا مۇسۇلمانلار كۆيۈۋاتىدۇ، خەلقئارا ئارىلىشىپ توختىتىشنىڭ تەدبىرىگە بىرلىكتە ئۆتكىنى يوق، چۈنكى ئۇ يەردىمۇ بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى بار. پەقەتلا زور مىقداردىكى ئۇرۇشتىن قاچقان ئوتتۇرا شەرق خەلقىنىڭ ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا ئېقىشى چوڭ دۆلەتلەرگە باش ئاغرىقى بولغاندىن باشقا ئۇلارنى كۆيۈۋاتقان ئوتنى تۇرغۇزۇشقا ئۈندەيدىغان مەنپەئەت يوق. ھەتتا ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇشلار دۆلەتلەرنىڭ قورال سېتىشى ۋە ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تېررورچىلاردىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشىدىكى ۋاستە بولۇپ قالدى.

زور مىقداردىكى ئوتتۇرا شەرق پاناھلىق تىلىگۈچىلىرىنىڭ قوشنا دۆلەتلەر، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە ئېقىپ، ئۇلارنىڭ باش ئاغرىقى بولۇش

(1) http://www.napoleon-series.org/research/napoleon/c_napoleon1812.html
(2) http://www.pbs.org/wnet/secrets/deadliest-battle-program-trascript/665/

ئېھتىماللىقىنى چوڭ دۆلەتلەر بىلمەمتى؟ دۇنيادىكى قىرغىنچىلىق ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ئېقىشى بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتامدۇ؟ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ئامېرىكا ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلارنى ئامېرىكىغا كىرگۈزمىگىنى بىلەن، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە «يەھۇدىيلارنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۇلارنى ناتسىسلارنىڭ كامپىلىرىغا ئۇزىتىپ ئۆلتۈرگۈزۈش بولىدۇ، ئامېرىكىنىڭ ناتسىستلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق بولۇپ كەتتى» دەپ قاتتىق بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە، ئاخىرى ئەنگلىيەگە بېسىم قىلىپ يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە يەرلەشتۈرگەن. ئامېرىكا بۇ تارىخنىڭ ھازىرغىچە پەلەستىن مەسىلىسىدىن ئىبارەت دۇنيادىكى توختىمايۋاتقان تىنچسىزلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئوخشاشلا ترامپ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن قاچقان پاناھلىق تىلىگۈچى خەلقنى دۆلىتىگە كىرگۈزۈشنى رەت قىلدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى سىياسىي جۇغراپىيەلىك مەنپەئەت دەۋردىن - دەۋرگە، زاماندىن - زامانغا ئوخشىمىسىمۇ تارىخنىڭ ئەنە شۇنداق تەكرارلىنىشىغا يول قويۇلدى. ھەتتا كوسوۋودا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قىرىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن ناتونىڭ كىرىشىمۇ، كوسوۋو خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئەمەس، يەنىلا ياۋروپانى قوغداش، ياۋروپاغا بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ يامراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى.

نېمە ئۈچۈن بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ھېچبىرى ئەڭ باشتىلا توختىتىلماي نۇرغۇن ئىنسان قىرىپ تۈگىتىلگەندىن كېيىن كۆڭۈل بۆلۈشلەر باشلىنىدۇ؟

بىرىنچىدىن، سىياسىي جۇغراپىيەلىك مەنپەئەت دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالىشى، ئىككىنچىدىن، ئارىلىشىش دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي مەنپەئەتىگە زىت كېلىپ قالماسلىقى، ئۈچىنچىدىن، ئاشۇ دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دۆلىتىنى ئارىلاشتۇرۇشقا بولغان بېسىم كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

تارىخ ھازىرغا جاۋاب بېرىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەمما بىز تارىخنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرگەن قايتىلانغان تارىخقا پۈتۈنلەي چەتكە قېقىش، يەنى خاتالىقلىرىمىزنى ساۋاقلارنى قايتىلىماسلىقنى، بۇرمىلانغان ھالدا ھەممىنى چەتكە قېقىش مۇئامىلىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ساغلام گۇمان بىلەن قارىشىمىز كېرەك. تارىخ تەكرارلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلار ھامان ئۆزگەرمەيدۇ دېيىشنىڭ ئورنىغا، قاچان، قەيەردە، قانداق شارائىتتا سىياسىي جۇغراپىيەلىك

مەنپەئەتلەرنىڭ قانداق ئۆزگىرىشى ئاساسىدا يول تۇتۇشنى بىلىشىمىز كېرەك.

تاشقى كۈچلەرنىڭ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتايغا بىز ئۈچۈن بېسىم قىلىپ، ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزۈشى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى كېسىشى قاتارلىق ياردەملەرگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك كۈچلۈك بىر قارشىلىق ھەرىكىتى (قارشىلىق دېگىنىمىزدە، قوزغىلىپ چىقىش ياكى ھەر خىل شەكىلدىكى قوراللىق قارشىلىقنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە) بولۇشى كېرەك. دېموكراتىيە ۋە تىنچلىق بىلەن ئىلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلەر ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بىر مۇنچە كىتاب يازغان ۋە بىرقانچە قېتىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن ئامېرىكىلىق پروفېسسور گەنە شارپ «دېكتاتورلۇقتىن دېموكراتىيەگىچە» دېگەن كىتابىدا دىكتاتورلۇقنى تىنچلىق يولى بىلەن ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن دەرھال ھازىرلاشقا، تېگىشلىك خىزمەتلەرنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ ئاچچىق رېئاللىق دەپ ئاتايدۇ[1].

1. چوقۇم زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئۆز خەلقىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش، كۈرەشتىن يانماسلىق، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش ئىرادىسى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

2. خەلقنىڭ مۇستەقىل جەمئىيەت گۇرۇپپىلىرىنى، ئىنستىتۇتلىرىنى قۇرۇپ چىقىش.

3. كۈچلۈك ئىچكى قارشىلىق كۈچى پەيدا قىلىش.

4. چوڭ ئىستراتېگىيە پىلان تۈزۈپ، ئۇنى ئەركىنلىككە يېتىش ئۈچۈن ئۈستى-لىق بىلەن يۈرگۈزۈش.

بىز ھازىر يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ قايسىسىنى قىلىش باسقۇچىدا؟ ھېچقايسىسىنى قىلىۋاتمىغان بولساق قەيەردىن ۋە قانداق باشلايمىز؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. چۈنكى خىتايغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىقىشىمىزغا ۋە بۇ ئاجىزلىققا ئاساسەن ئىستراتېگىيە تۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

---

(1) شارپ گەنە، «دېكتاتۇرلۇقتىن دېموكراتىيەگىچە»، كىندلە نۇسخىسى، ئورۇن: 223.
Sharp Gene from dictatorship to democracy, kindle edition location 223

شارپ گەنە ئوتتۇرىغا قويغان 2 ـ باسقۇچنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىز ئۇچۇن ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى مۇستەقىل گۇرۇپپىلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى قاتتىق چەكلەۋاتقان بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەمئىيەت قۇرۇلمىلىرى ۋە ئۇيۇشمىلارنىڭ ھەممىسىلا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئادۇكاتلار جەمئىيىتى، ئاكادېمىكلار جەمئىيىتى، يازغۇچى ـ شائىرلار جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار بىرلەشمىسى، ئىسلام قېرىنداشلار جەمئىيىتى، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى... دېگەندەك ئاممىۋى جەمئىيەت قۇرۇلمىلىرىنى قۇرۇپ چىقىشى قەتئىي چەكلەنگەن. ھەممىسىلا خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ۋە ئالسىمۇ خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇھىم ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە خىتاي خەلقىنىڭ كونتروللۇقىدا. گەرچە 70%دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، ئەمما ئاشلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆپچىلىكىنى بىڭتۇەن كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ قويغان تەقدىردىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى تەمىنلىشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشىدۇ. بازار ئىگىلىكىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى تەمىنلىشى بىلەن چەكلىنىۋاتقان بولۇپ، خىتاي خەلقى بازار ئىگىلىكىنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ماللىرىنى ساتماسلىق ياكى ئالماسلىق بىلەن بايقۇت قىلىپ، تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرەلىشى ئىنتايىن قىيىن.

بىز بۇ يەردە شارپ گەنە ئوتتۇرىغا قويغان چوڭ ئىستراتېگىيەنى تۈزۈپ گەرچە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلالمىساقمۇ ئەمما شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتلىرىمىز، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتى ئۈچۈن ئىستراتېگىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز «جۇدو دەرسى» دېگەن تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز ئىستراتېگىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن:

ماشىنا ۋەقەسىدە ئوك بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان 9 ياشلىق بىر بالا جۇدو ئۆگەنمەكچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياشانغان ياپونلۇق پىشۋا بولۇپ، ئۇ بالىغا ھەر كۈنى پەقەت بىرلا ھەرىكەتنى ئۆگىتىپتۇ. بالا:

- ئۇستاز، باشقا ھەرىكەتلەرنى ئۆگىنىشىم كېرەك ئەمەسمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. پىشۋا:

- ياق، بۇ پەقەت سەن بىلىشكە تېگىشلىك بىردىنبىر ھەرىكەت، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئالتە ئايدىن كېيىن بالا مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان ھالدا دەسلەپكى ئۈچ تاللاشتا يېڭىپ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ.

بالىنىڭ رىقابەتچىسى ئۇنىڭدىن ياشتا چوڭ ۋە كۈچلۈك بولۇپ، بالىنىڭ يېڭىشىگە ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمەپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ رىقابەتچىسى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قوغدىنىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بالا بولسا دەرھال ئۆزى بىردىنبىر بىلىدىغان ھەرىكەت بىلەن رىقابەتچىسىنى بېسىۋاپتۇ. مۇسابىقىدىن كېيىن پىشۋا بالىغا مۇنداق دەپتۇ:

- ئوغلۇم سەن مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب بىلەن يەڭدىڭ. بىرىنچىسى، ئالتە ئاي قاتتىق مەشىق قىلىپ، بىرلا رىقابەتچىڭنى بېسىۋالىدىغان ئەڭ قىيىن ھەرىكەتتە كامالىغا يەتتىڭ. ئىككىنچىسى، رىقابەتچىڭ قوغدىنىش ئۈچۈن سېنىڭ ئوڭ بىلىكىڭدىن تۇتۇشى كېرەك ئىدى...

خۇددى ئوڭ بىلىكى يوق بالىنىڭ يېڭىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ئۆگىتىلگىنىدەك، ئۇيغۇرلار ئاۋۋال ئۆزىمىزدە نېمىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئانالىز قىلىشىمىزغا، بولۇپمۇ خىتاي بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، جۇغراپىيەلىك شەرت - شارائىتلىرىمىز، قوراللىق ۋە ياكى قورالسىز كۈچىمىزنىڭ بار - يوقلۇقى، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، پسىخولوگىيىلىك ئەھۋالىمىز، خەلقئارالىق تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللار قاتارلىقلارنى ياخشى ئانالىز قىلىشىمىزغا ۋە بىزدىكى دۈشمىنىمىزدىن ئۈستۈن ياكى ئۇنىڭدا يوق بولغان ئەۋزەللىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى قەيەردە، قايسى ئۇسۇلدا، قانداق پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. مەسىلەن: ئىمان،

پىداكارلىق، ھەقىقەت، دۇنيانىڭ ھېسداشلىقى، خەلقئارانىڭ خىتايغا بېسىم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز... قاتارلىقلار. يەنە مەسىلەن: خىتاي بىلەن بولغان پىسخىك جەھەتتىكى سېلىشتۇرما. ئالايلۇق، خىتاينىڭ پىسخىك جەھەتتە قانداق ئاجىزلىقى بار؟ خىتاي يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىدىغان پىسخىكىغا ئىگىمۇ؟ مەنچە بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتايدا ئەلۋەتتە كۈچلۈك ھالدا بۇ پىسخىكا بار، بولۇپمۇ، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ چىقىشى بىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى يەرشارىلاشقان دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىدىن تارتىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشى، خىتاينىڭ توختىماي باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەر خىل سەۋەبلەر باھانىسى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، دۇنيا لىدېرى بولۇشقا ئالدىرىشىغا يول ئېچىپ بەردى ۋە ھازىرغىچە ئۆزىنى دۇنياغا ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرخىل تاكتىكىلارنى قوللاندى ۋە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بىز بۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىمىز ۋە قايسى شەكىلدە ھۇجۇم قىلىمىز؟ مەسىلەن، يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغانچىلىق پىسخىكىسىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى دەڭسەش بىلەن بىرگە كۈچىنىمۇ دەڭسەشكە، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە كۈچىمىزنىمۇ دەڭسەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىزگە ھەربىي جەھەتتىن خىتاي بىلەن كۈچ ئېلىشىشى مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا سىياسىي ۋە پىسخولوگىيىلىك كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن قانداق پايدىلىنىشىمىز كېرەك؟ ھەتتا خىتاي خەلقىنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىش ياكى دېموكراتىك ئىدىيىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆكۈمەتتىن ئاجرىتىپ، ھۆكۈمەتنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بەزى قەدەملەرنى بېسىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، باشقا يەنە قانداق تاللاش يوللىرىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم؟ تاشقى كۈچلەردىن قانداق پايدىلىنىمىز؟ دۇنيا سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى يېقىندىن كۆزىتىش ئارقىلىق قايسى كۈچلەرنى ئۆزىمىزگە تارتىشىمىز ۋە شۇنداق پۇرسەتلەرنى قاچۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك؟ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بولۇپ تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچى گۇرۇپپىلارنى ۋەتەن سىرتىدا قۇرۇپ چىقالىدۇقمۇ يوق؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار چوقۇقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق بىر چوڭ ئىستراتېگىيە تۈزەشتە مۇھىم

بولغان مەسىلىلەر بولۇپ، ئەلۋەتتە ئىستراتېگىيە تۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاساسەن پىلان ۋە قايسى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق تاكتىكا ۋە مېتود (مېتود دېگىنىمىزدە، قوراللىقمۇ ياكى تىنچلىق يولى بىلەنمۇ؟ قوراللىق قارشىلىق بىلەن تىنچلىق شەكلىدىكى قارشىلىقنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئالدىغا شارائىت ۋە ۋەزىيەتكە ئاساسەن تەربىيەلەش، يېتىلدۈرۈش ۋە ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ؟) لازىم بولىدىغانلىقىنى ئانالىز قىلىش، ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە يۈرگۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك.

مەشھۇر «سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دېگەن كىتابنى يازغان خىتاي ئۇرۇش ئىستراتېگىيەچىسى سۇنزىنىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك پەلسەپە ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ناتونۇش بولمىسا كېرەك:

1. پەلسەپەۋى ئۇرۇش
2. ھاۋارايى ئۇرۇشى
3. رەسمىي يۈزمۇ يۈز ئۇرۇش (ground battle)
4. باشلامچى (leader)
5. مېتود

خىتاي سۇنزىنىڭ تاكتىكىلىرىنى داۋاملىق مۇقەددەس دەستۇر سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. خىتاي بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ ئۇرۇشتا بىزنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىكىمىز پەلسەپە ئۇرۇشى بولۇپ، خىتاينىڭ: «ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ مەڭگۈلۈك زېمىنى، بىز مۇتلەق كۈچلۈك، ئۇيغۇرلار مۇتلەق ئاجىز. بىز ئۇيغۇرلارنى باستۇرمىدۇق، ئۇلار بىزگە ئوخشىمىغانلىقى بىز بىلەن باراۋەر خاتىرجەم ياشاشنى خالىماي دۆلەت قۇرۇپ ئايرىم بولۇۋالغۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن قالايمىقانچىلىق ۋە تېررورلۇق پەيدا قىلىۋاتىدۇ...» دېگەن پەلسەپىسى تارىخ ۋە رېئاللىققا زىت بولغانلىقتىن، ھېچقاچان ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىيەلمەيدۇ (يەنى بىز ئۆز تارىخىمىزنى ۋەتەن سىرتىدا بولسىمۇ توپلاپ، رەتلەپ ساقلاپ قالغىنىمىزدا). شۇنداقتىمۇ بىز بۇ پەلسەپە ئۇرۇشىدا، تارىخىمىزنى ساقلاپ قېلىشلا ئەمەس ۋەياكى خىتاينىڭ سەپسەتىسىنى ئىنكار قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ سەپسەتىنى قانداق شەكىلدە باشقىلارغا ھەتتا خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ

خەلقىگىمۇ قانداق قىلىپ ئىنكار قىلغۇزۇش مۇھىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

بىر ئامېرىكىلىق دوستۇم بىر قېتىم ماڭا: «سىلەرنىڭ قولدىن كەتكەن دۆلىتىڭلارنى خىتايدىن قايتۇرۇپ ئېلىش نىشانىڭلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، خىتاي شۇنداق كۈچلۈك تۇرسا سىلەرنىڭ مۇستەقىل بولىمىز دېيىشىڭلار كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ بىر ئاز ئەمەلىيەتچان بولغىنىڭلار ياخشى دېدى. مەن شۇ چاغدا مەسىلىمىزنى ئۇنىڭغا توغرا ۋە دىپلوماتىك شەكىلدە چۈشەندۈرەلمىگەنلىكىمىزنى ھېس قىلدىم. ۋە ئۇنىڭغا: «توغرا دېدىڭىز، دەل بىز خىتايغا نىسبەتەن ئاجىز بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىز خالىمىغان نەرسىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىزنى ۋەيران قىلىۋاتقان يوقىتىۋاتقان نەرسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئايرىم ۋە مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز» دېدىم. بۇ ئەھۋالدا ئۇ ھەرگىزمۇ يەنە مەن سىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىڭلارنى قوللىمايمەن، چۈنكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دېيەلمەيتتى. ئەگەر ئۇنداق دېسە ئۇ ھالدا ئۇ زۇلۇم قىلغۇچى تەرەپتە ئوچۇق - ئاشكارا تۇرغان، بىر مىللەتنى ۋەيران قىلغۇچىنى قوللىغان ۋە ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىغا ئۆزى قارشى چىققان بولاتتى. خىتاي بىلەن بولغان پەلسەپە ئۇرۇشىمىزدا گەرچە ھەقىقەتنىڭ بىز تەرەپتە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ، دىپلوماتىك ئۇسۇللاردىن توغرا شەكىلدە پايدىلىنالىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

سۇنىزنىڭ ھاۋا ئۇرۇشىنى ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا ۋەزىيەت، ئۇچۇر ۋە ئاخبارات دۇنياسى، تور ۋە تەشۋىقات ئۇرۇشىغا تەتبىقلاشقا بولىدۇ. بىز بۇ ئۇرۇشتا قانداق غەلىبە قىلىمىز؟ دۇنيا ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ئۆگىنىپ ۋە مۆلچەرلەپ بۇ ئۇرۇشقا قانداق ھازىرلىقلاردا بولىمىز؟ قانداق قىلغاندا خىتاي بىزنى قارىلاپ ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقاتلارغا پەقەت جاۋاب بېرىش بىلەنلا چەكلىنىشتىن قۇتۇلۇپ، تەشۋىقاتتىكى مۇداپىئە باسقۇچىدىن ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتەلەيمىز؟ گەرچە شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە خىتاي تور دۇنياسىنى قاتتىق كونترول قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما تاشقى دۇنيادا ئىجتىمائىي تور ئالاقە ۋاستىلىرى بىزنىڭ بۇ ئۇرۇشنى غەلىبىلىك قىلالىشىمىزغا يەنىلا يوچۇق يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، خىتاينىڭ يىپەك يولى لايىھەسىگە ئىمزا قويغان دۆلەت ۋە خەلقلەرگە، يىپەك يولى لايىھەسىنى خىتاي مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن قوللىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى، خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەرگە بولغان كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان مىللى ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا، ھەر تۈرلۈك شەكىلدە قوللىشىنىڭ ئېھتىياج تۇيىدىغانلىقىنى ياخشى تەشۋىق قىلىش لازىم.

سۈنزى ئۇرۇش پەلسەپەسىدە ئوتتۇرىغا قويغان 3 ـ مۇھىم ئامىل، لىدىر مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇشنىڭ باشسىز نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زادى قانداق باشلامچى لازىم؟ خەلقنىڭ ھاياجىنىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان باشلامچى بولسىلا يېتەرلىكمۇ؟ مەنچە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، چۈنكى پۇرسەتنى توغرا تاللاش يەنىلا باشلامچىغا باغلىق. بىز ۋەزىيەتنى ئەمەس ۋەزىيەت بىزنى تاللاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ۋەزىيەتنى ئالدىن مۆلچەرلەپ قارار بېرىش سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقىش باشلامچىنىڭ ئىشى. ئەگەر بىزدە، پىداكارلىق ۋە ئۆز خەلقىگە بولغان سەمىمىيلىكىدىن باشقا، بىز يۈزلىنىۋاتقان توسۇق ۋە كىرىزىسلانى ئالدىن مۆلچەرلەپ ياكى ۋاقتىدا كۆرەلەيدىغان ۋە بۇنىڭغا قارىتا جىددىي تەدبىر قوللىنالايدىغان بىر باشلامچى بولماستىن، بەلكى قۇرۇق شوئار توۋلاپ بىزنىڭ ھاياجىنىمىزدىن پايدىلىنىدىغان لىدىرلار بولىدىكەن خىتاينىڭ بىزنى باشسىز قالدۇرۇپ چېچىۋېتىش ئۇرۇشىدا ئاسانلا مەغلۇپ بولىمىز.

خىتاي بىزگە ئىشلىتىۋاتقان 4 ـ ۋە 5 ـ سۈنزى تاكتىكىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ھازىرچە يول خەرىتىسى سۈپىتىدىكى ئىستراتېگىيە تۈزەش بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغانلىقى ۋە ھەرىكەت شەكلىگە ئۆتۈش مۇھىتىدا بولمىغانلىقىمىز، يەنى يۈزمۇ يۈز ئۇرۇش دەۋرىگە تېخى كىرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ توغرىدا ھازىرچە توختالمىدىم.

مەن بۇ يازمامدا، شارپ گەنە ئوتتۇرىغا قويغان ئورۇنلاشقا تېگىشلىك تۆت خىل خىزمەتنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى تۈرلۈك خىزمەت، يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى خەلقنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى تۇرغۇزۇپ كۈرەش قىلىشتىن يانماسلىقتەك ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بىرىنچى باسقۇچتىكى دەسلەپكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشتە كىملىك ۋە مىللەتچىلىكنىڭ ئورنى ۋە مۇھىملىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تەرىپىدىن يۇيۇلغان ئۇيغۇر مېڭىسىنى قايتا تۈزەپ چىقىش ھەققىدە ئۆزەمنىڭ چەكلىك ئىزدىنىشلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتتۈم.

خەلقئاراغا دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئەركىنلىكنى تارقىتىشنى ئاساسىي قىممەت قارىشى قىلىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا، ياۋروپا باشلىق چوڭ دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بۇ قىممەت قارىشىدىن يۈز ئۆرۈشكە قاراپ مېڭىشى خىتاينى ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇق. تراممپىنىڭ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگىلا كۆڭۈل بۆلىمەن دېيىشى، كانادا باش مىنىستىرى جاستىن ترۈدۈنىڭ خىتايدىكى ئىنسان ھوقۇقلىرىنى تەنقىدلەشنىڭ ئورنىغا: «بىزدىمۇ ئىنسان ھەقلىرى مۇكەممەل ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق كانادانى خىتايغا قارىتا ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىزغا ئېلىشتا ھەقسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدىكى كانادا خىتاي ئىلمان مۇناسىۋەتلىرىدىن بىر سەكرەپلا قىزىق مۇناسىۋەتكە ئۆتۈشى، ئەنگلىيەنىڭ خىتاي بىلەن باشمۇ باش يېقىنلىشىش ئۈچۈن ياۋروپا بىرلىكىدىن ئايرىلىپ چىقىشى مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىدا خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىنتايىن پايدىسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ئەمما بۇ دېگەنلىك ئۈمىد پۈتۈنلەي يوق، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى چۆكۈشكە قاراپ يۈزلەندى دېگەنلىك بولمايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ئىستراتېگىيىلىك ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىم بولۇشى تۈپەيلىدىن تارىختىن بېرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە چوڭ دۆلەتلەر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە بۇ كۆڭۈل بۆلۈشلەردە بىزنىڭ تاللاش ھوقۇقىمىز چەكلىك بولغان ۋەياكى خاتا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى بىزگە پايدىسىز ئۆزگىرىشلەر ھەرگىزمۇ مۇقىم ۋە مەڭگۈلۈك بىر ۋەزىيەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. دۇنيا ۋەزىيىتى مەيلى قانداق ئۆزگەرسۇن بىزنىڭ مەسىلىمىز يەنىلا ئۆزىمىز يالغۇز ھەل قىلالايدىغان مەسىلە ئەمەس. ئەمما تاللاش ھوقۇقىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش بولسا بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدىكىلەرنىڭ بۇ دەۋانى ئۆلتۈرمەي ساق تۇتۇش بىلەنلا قالماي ئىجادچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىش مەسىلىسى نۆۋەتتە ھەممە ئۇيغۇر كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. ئىجادچانلىق دېگىنىمىزدە ئۆزىمىزدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى قېزىپ چىقىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئارتۇقچىلىق يارىتىش يەنى پەيدا قىلىش. بىزدە سىياسەتچى يوق، دىپلومات يوق، ھەربىي

گېنېرال يوق دېيىشنىڭ ئورنىغا ياشلارنى، بالىلىرىمىزنى شۇ ساھەدە تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش. بىزدە ئىقتىساد يوق دېيىشنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادى قىممەت يارىتىدىغان سودا شىركەتلىرى ياكى ياردەم فوندىلارنى قۇرۇپ چىقىش. خىزمەت قىلىدىغان ئادەم مەبلىغىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەش روھىغا ئىگە ئاۋانگارتلارنى يېتىشتۈرۈش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ۋاھاكازالار.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدىكى ئىستراتېگىيەگە مەنسۇپ بولغان ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن شارپ گېن ئوتتۇرىغا قويغان 3 ـ ۋە 4 ـ نۇقتىلارغا ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك بولغان مەسىلىدە سۇنزىنىڭ «ئۇرۇشنى ئۆزۈنغا سوزۇپ داۋاملاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىن، ياكى خەلقىڭنى دەم ئالغۇزۇپ كۈچلەندۈرەلىشىڭ مۇمكىن. لېكىن ھەر ئىككىسىنى بىرلا ۋاقىتتا قىلالمايسەن» دېگەن تاكتىكىسىنى ئۆزگە قايتۇرۇپ قوللىنىش كېرەكمۇ؟ ياكى بۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا توغرا كەلمەمدۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىنى نۇرغۇنلىرىمىز جىسمانىي جەھەتتىكى ساقلىنىش، ئۆلمەي تىرىك قېلىش دەپ چۈشىنىۋالغان ئىدۇق. شۇنداق بولغانلىقتىن سۇنزىنىڭ گېپى بويىچە «ھەر ئىككىسىنى تەڭ قىلالمايمىز» دەپ قاراپ، قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن ئۆزىمىزنى ساقلاشنى (ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇن ـ تىنسىز كۈچلىنىشنى) بىر ـ بىرىگە زىت قويىۋاتاتتۇق.

ئۇيغۇرلار تۆلەپ كېتىۋاتقان ئېغىر بەدەل ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرلارغا پايدىسىز بولۇۋاتقان خەلقئارالىق ۋەزىيەت، ئۇيغۇرلارنىڭ دەم ئېلىپ كۈچلىنىشنى شەرت قىلغاندەك تۇراتتى. مانا بۇ سەۋەبتىن، گەرچە ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈش ئاقىلانىلىقى ئەۋج ئېلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئاقىلانىلىك، ساقلىنىپ كۈچىيىش مەسىلىسىنى، نوقۇل ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ساقلىنىپ قېلىش مەسىلىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتۇق. چۈنكى بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىز بولغان تىلىمىز ۋە دىنىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمۇ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەن بىر شارائىتتا، بىز ساقلىنىپ قالىمىز ۋە ساقلىنىپ قالدۇق دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ پەقەتلا ئۇيغۇرنىڭ ئىسسىق جېنى ئىدى. ئەمما بۇ ئىسسىق جان مىللىي كىملىكىمىز مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغان جان بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر كىملىكىدىن

ئايرىلغان بۇ جانغا، ئۇيغۇرلارنى ساقلاپ قېلىش تەبىرى ئەمەس، خىتاي بولغان بەدەننى ساقلاپ قېلىش تەبىرى بىرىلسە توغرا بولىدىغاندەك تۇراتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھەتتا بەزىلەر قارشىلىق ھەرىكەتلىرى بولمايدىغان بولسا خىتاي بىزنى باستۇرۇشقا باھانە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن بىز خاتىرجەملىككە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن ئىدى دېگەندەك كۆز قاراشلارنى تەشۋىق قىلىپ قان تۆككەن شەھىدلەرنى ھە دېسە قىلچە خىجىل بولماي ئەيىبلەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن ساقلىنىپ قېلىشنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش ياكى زىت قويۇۋېلىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكنى تەرغىب قىلىش، ھەتتا ۋەتەن سىرتىدىكى ئەڭ تىنچ شەكىلدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدىنمۇ قېچىش خاھىشىنى يېتىلدۈرۈش مېنىڭچە چوڭ بىر مەنتىقە خاتالىقىدۇر. بۇ ھەقتە كىتابىنىڭ باش قىسمىدىمۇ توختالغان ئىدىم.

ئەلۋەتتە قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر بەدەلنى ھېسابلاشمىغان، شەرت - شارائىت بىلەنمۇ قىلچە ھېسابلاشمىغان ھالدا قارىغۇلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم يوق. ئەمما ھازىرغا قەدەر ۋەتەن ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئېغىر زۇلۇمغا قارىتا تەبىئىي پارتلاپ چىققان ھەرىكەتلىرى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇنى ھېچكىممۇ ھېچقانداق بىر نەزەرىيە ۋەياكى تەشۋىقات بىلەن توسۇپ قالالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىز قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى خىتاينىڭ قارشىلىقلارنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىۋېتىش مۇمكىنلىكىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمىز ئۈچۈن قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە سەلبىي نەزەر بىلەن قاراشقا باشلىغان بولساق بۇ تولىمۇ ئاساسسىز، چۈنكى ئەگەر خىتاي ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگىتىۋېتىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە، باھانە ئىزدىشىنىڭ ھاجىتى يوق، باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرالايدۇ ۋە پەيدا قىلالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن ئەمەلىيەتتە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى، خىتاي بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى پەرقنى چوڭايتىپ دۈشمەنلىك سېپىنى ئايرىيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقتىن قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ساقلىنىپ قېلىشتىن ئايرىۋېتىش مەنتىقە خاتالىقىغا

يول قويىدۇ.

قىسقىسى، يوقاپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقان، قىرغىنچىلىق ئاستىدا جان تالىشىۋاتقان، دەم ئالدۇرۇپ كۆچلەندۇررىدىغان بىر ئەسكىرى بولمىغان، ئەمما ئۆزىنى، كىملىكىنى ساقلاپ شۇ مىللەت خەلقىنى دەم ئالدۇرۇپ كۆچلەندۇرۇپ ساقلاپ قېلىشقا جىددىي ئېھتىياجى بولسىمۇ ئىمكانى بولمايۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ۋەزىيىتىنى سۆزلىنىڭ ھەر ئىكىسىنى تەڭ قىلالمايسەن دېگەن سۆزىگە زادىلا چۈشۈرەلمىدىم. چۈنكى ھازىر بىز پۇرسەتنى ئەمەس، پۇرسەت بىزنى تاللاۋاتىتى. تەقدىر بەزىدە قارشىلىق كۆرسىتىشىمىزگە يول قويمىسا بەزىدە تىنىپ دەم ئېلىشىمىزغا يول قويمايۋاتاتتى ۋە بىز تەقدىر نېمىگە پۇرسەت بەرسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇر بولىۋاتاتتۇق. لېكىن بىر نەرسە ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ، ھاياتنىڭ بىزگە بېرىدىغان ھېچېنىمىسى يوق ئىكەن دەپ ئۈمىد ئۈزۈشنىڭ ئورنىغا ھايات بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ ياكى بىز ھاياتقا نېمە بېرەلەيمىز دېگەننى ئويلاش. بۇلارنى يېزىۋېتىپ قۇرئاندىكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئېسىمگە كەلدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام دەل ئۆزىنىڭ ھاياتقا نېمىلەرنى بېرەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت قابىلىيىتىگە ئىشەنمىگەنلىكى، ئۈمىد ئۈزگەنلىكى ئۈچۈن يەنى جاھىلىيەتتىكى قەۋمنى ئۆزگەرتەلىشىگە كۆزى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن جازالىنىپ بېلىقنىڭ قورسىقىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۇزۇن يىل قالمىدىمۇ؟ كېيىن ئۇ پەقەت تەۋبە قىلغاندىن كېيىنلا ئەركىنلىككە چىقمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇرلارمۇ ئادالەتنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىدىن ئۈمىد ئۈزىدىغان زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ھۆكۈمرالىقىنىڭ غەلىبىسىگە ئىشىنىپ قالىدىغان بولسا ئەركىنلىك بەلكىم بىزگە مەڭگۈ نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن.[1]

بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمدەك، بىزدە جىسمانىي جەھەتتىن قىرىلىپ تۈگەپ كەتمەسلىك ئۈچۈنلا ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشنى تەنقىد قىلىشقا ئۆتۈشتەك ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ساقلاپ قالماقچى بولغان كىملىكىمىزنى بىز مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىدىن

(1) قۇرئان: سۈرە ئەنبىيا، 88ـ87 ئايەت. يۇنۇسنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن خاپا بولۇپ شەھىرىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى بېلىقنىڭ قارنىدا ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا: «پەرۋەردىگارىم سەندىن باشقا ھېچبىر مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. سەن جىمى كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن. مەن ھەقىقەتەن ئۆز ئۆزەمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق. ئۇنى بېلىق يۇتقان چاغدىكى غەمدىن خالاس قىلدۇق. شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى ئېغىرچىلىقلاردىن خالاس تاپقۇزىمىز.

پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئامالسىز قېلىۋاتقان مىللەتكە مەنسۇپ بولغان بۇ كىملىكمۇ ساقلىنىپ قېلىشقا ئامالسىز قالىدىغان ھالغا قېلىشى مۇمكىن.

يىغىنچاقلىغاندا، بىز تۈزىدىغان ئىستراتېگىيە، ئومۇمى نىشاننى كۆرسىتىدىغان يول خەرىتىسى بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، ھەرىكەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى ھەرىكەتتىن ئايرىلغاندا ئىستراتېگىيەنى يۈرگۈزۈش بىلەن ئىستراتېگىيە ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش يوقاپ كېتىدۇ - دە، يۈرگۈزۈش قىيىنغا توختايدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدىكى ئەركىنلىكىمىز ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت تەمىنلىگەن بارلىق ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەۋزەللىكلىرىمىزنى ۋە دۈچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىمىزنى بىرمۇ بىر تىزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە خىتاينىڭ ئاجىزلىقلىرى ۋە ئۈستۈنلۈكلىرىنى ياخشى مۆلچەرلىشىمىزگە بۇ ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.